ئەسەرلەر گۈلىستانى

# ئىنسانلىقنىڭ نىشانى قابىلىيەت

(فارابى ئەسەرلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاپ بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئامبار ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئىنسانلىقنىڭ نىشانى قابىلىيەت

(فارابى ئەسەرلىرى)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تادرىسى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئىنسانلىقنىڭ نىشانى قابىلىيەت» دېگەن كىتابتا «شەرق ئارستوتېلى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسر فارابى (870 – 950) نىڭ ھاياتى ۋە تەلىم تەربىيىگە دائىر ئەسەرلىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە كىتاب كۆرگەچكىمىكىن بىلمىدىم، ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام، كۆزۈم قىزىرىپ قاپتۇ. نە ئامال، بۇنداق ۋاقىتتا بىردەم ئۇخلىۋالغىلى بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئەگەردە ئەتىگەندە دەرسىم بولمىغان بولسا، تازا بىر قېنىپ ئۇخلىۋالغان بولاتتىم. كۆزۈمنى سوغۇق سۇدا بىر قانچە قېتىم يۇيۇۋەتكەن بولساممۇ، قىزىللىقى ھېچ يوقايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دەرس ۋاقتىغا يەنە بىر سائەت بولغاچقا، ناشتا قىلىپ بولۇپلا، مەكتەپكە ماڭدىم. ھارغىنلىقتا دەرس ئۆتۈش ئېغىر كەلسىمۇ، بىراق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايا قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. مەن ئىشخانىغا چىقىپ دەرس تەييارلىقلىرىمنى ئېلىپ سىنىپقا كىردىم ۋە يوقلىما قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى قېتىم ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن ئېغىزچە سىناق ئالدىم. قارىغاندا ئوقۇغۇچىلار دەرسلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇنلۇق ھېس قىلدىم. ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ئۆگەتكەن دەرسىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق بەخت بولامدۇ دەيسىز. سىناق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن يېڭى دەرسنى باشلىدىم.

— ساۋاقداشلار، دىققەت قىلىڭلار. بۈگۈن بىز «خاتىرە ۋە قابىلىيەت» دېگەن دەرسنى سۆزلەيمىز، — مەن شۇنداق دېگەچ يېڭى دەرس تېمىسىنى دوسكىغا يازدىم ۋە ئوقۇغۇچىلار تەرەپكە يۈزلىنىپ دەرسنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەشكە باشلىدىم.

— ئىنسانلار ئويلاش پائالىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن تاشقى ۋە ئىچكى تۇيغۇلارنى توپلاپ، مېڭىنىڭ ھەرىكىتىنى ھاسىل قىلىدۇ. تارىختا ئۆتكەن پەيلاسوپلار خاتىرە ـ ئويلاش كۈچى بىلەن قابىلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە كۆپلەپ ئىزدىنىش

ئېلىپ بېرىپ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئېنسكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابى بولۇپ، ئۇ قابىلىيەت ھەققىدە توختىلىپ: «ئىنسانلىقنىڭ نىشانى قابىلىيەت» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قابىلىيەتنىڭ ئىنساننىڭ تاكامۇللىشىشىدا ئوينايدىغان رولىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن، — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا فارابىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. مەن شۇ ھامان دەرس سۆزلەشنى توختىتىپ ئوقۇغۇچىلاردىن، — فارابى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم. بىر قانچە ئوقۇغۇچى ئاڭلىغانلىرى بويىچە بىر - ئىككى ئېغىزدىن سۆز قوشتى. ئەمما بۇ ئاڭلىغان بايانلار فارابى ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچە بېرەلمەيتتى. شۇ تاپتا ئوقۇغۇچىلار فارابىغا قىزىقىپ قالغان ئىدى. ئارىدىن بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، سىلى بىزگە فارابىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى. مەن ئۇ ئوقۇغۇچىنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلىپ:

— بولىدۇ، مەن سىلەرگە فارابى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرەي، — دېدىم ۋە دوسكا ئالدىدا تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدىم.

— فارابى بۇندىن 1000 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەققىدە ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، فارابىنىڭ خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىكى مەنۋى ھەيكىلىنى تۇرغۇزدى. ئۇ فارابىغا باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەبۇ نەسىر فارابى ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا، پەن - مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە ئالىم. ئۇ كۆپ ئەسىرلىك پارلاق شەرق مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇشتە، قەدىمكى گرېك

پەلسەپىسىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىشتە، ئارىستوتېلىنىڭ ماتېرىيالىستىك خاھىش ئۈستۈنلۈكنى ئالغان پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى پىلاتون ۋە يېڭى پىلاتونىزىم مىراسلىرى ئىچىدىن تاللاپ چىقىشتا، شەرھلەشتە ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، سوپىزىم بىلەن يېڭى پىلاتونىزمنىڭ بىرلەشمە ئەكسىيەتچىل ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى پانتېزملىق يېڭى پەلسەپىۋى سىستېما ۋە يۆنىلىش يارىتىش ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى.»

دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم - پەن ئاسمىنىدا چاقنىغان غايەت زور نۇرلۇق يۇلتۇز، «شەرقنىڭ ئەڭ ئالىي پەيلاسوپى ۋە ئارىستوتېلچىسى»، ئۇلۇغ ئۇيغۇر - قارلۇق ئالىمى ئەبۇنەسىر مۇھەممەت ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى ئۆزىنىڭ 80 يىللىق ھاياتىي پائالىيىتى داۋامىدا ئىلىم - پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە قىممىتى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى سانىنىڭ كۆپلۈكى، ژانىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 70 - يىللاردىن كېيىن كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ، جۈملىدىن فرانسىيە، ئامېرىكا، پولشا، گېرمانىيە، تۈركىيە، مىسىر، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، سۇرىيە، ئىراق، ئىران، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخچىلىرى، شەرقشۇناسلىرى، كاتولوگشۇناسلىرى فارابى ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەتقىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلىم تارمىقى — فارابىشۇناسلىقنى بارلىققا كەلتۈردى.

دەۋرىمىزدە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا فارابىنىڭ

ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ: «فارابىنىڭ مۇزىكا ئېستېتىكىسىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى»، «فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ھەققىدە»، «فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىق زىددىيەت» قاتارلىق ماقالىلەرنى ۋە «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇ «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»ناملىق كىتابى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «‹فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى›نى يېزىش ئۈچۈن بېيجىڭگە ئىككى قېتىم، تاشكەنتكە بىر قېتىم باردىم، ھەتتا ئوتىرارنى زىيارەت قىلدىم. ... مېنىڭ: ‹ئىككى ئاقباشنى يازىب، ئاق چۈشتى بۇ باشىمگە› دېگەن شېئىرىم فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەتقىقاتىغا قارالغانىدى. بۇ كىتاب ھەققىدە ئۆزبېكىستاندىكى دۆلەتلىك ژۇرنال —— ‹ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر›نىڭ 1992 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ سانلىرىدا ئابدۇلھەق ئابدۇرۇسۇل ئوغلى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ يۇقىرى باھا بەردى. مەن فارابى ئىدىيىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇگە ـ ئۇگىلىرى كىرىشىدىغان، بىر يىلتىزدىن شاخلىنىدىغان سىستېما ھالىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ سىخېمىسىنى سىزىپ تامغا چاپلاپ قويۇپ يازدىم. قولغا چىققانىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىدىيىسى بولۇشى مۇمكىن، بىراق چېچىلاڭغۇ ئىدىيىلەرنىڭ سىستېما يىلتىزلىرىنى ئېنىقلاش باشقا ئەمگەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي ئاسىيا روھانىيەتكە، خرىستىئان ئەللىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماددىئونچىلىققا مايىل قىلىپ ئىزاھلانغان بۇ زاتنى ھالال خاراكتېرلەشمۇ مەسىلە ئىدى. جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلاردا تۇنجى

بولغان بۇ تەتقىقات بۇ تېمىنىڭ خاتىمىسى بولماي مۇقەددىمىسى، ئەلۋەتتە، مېنى خۇشال قىلىدىغىنى، فارابى شېئىرلىرىنىڭ مەن ئىشلىگەن ئاروز تەرجىمە شەكلى خۇددى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي دىيارغا ئائىت شېئىرلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدەك جامائەتچىلىك ياقتۇرۇپ مىسال قىلىدىغان شېئىرىي يادىكارلىق بولۇپ قالدى».

ئۇنىڭ فارابى ھەققىدىكى تەتقىقاتى جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلاردا تۇنجى باشلانغان تەتقىقات بولغاچقا، ئىلمىي ئەمگەكلىرى بۇ ھەقتىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ھەم سەۋىيە جەھەتتىن ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن. ئۇ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» نى يېزىش ئۈچۈن تۈزگەن پروگراما[1] سىدا فارابى ھەققىدە ئەتراپلىق تېزىس خاراكتېرلىك مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇ پروگراما فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ناھايىتى مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

فارابى — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يارقىن نامايەندىلىرىدىن بىرى. ئۇ قەدىمكى دەۋر ئىلغار دۇنيا قارىشى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى ئىسلام دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىشتە، شەرق ۋە مەغرىب مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ ئارىستوتېلىزم ۋە پلاتونىزم ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆزگىچە خاس مۇستەقىل بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل پەن - مەدەنىيەت، پەلسەپە تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم ۋە پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم مۇنبىرىدە پارلاق نۇر چاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى تارىم ۋادىسىنى كۆكەرتىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە تولىمۇ كېچىكىپ مەلۇم بولدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن باشتا ئېيتقىنىمىزدەك فارابى ھەققىدە بىر قاتار

[1] بۇ پروگراما «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنغان.

ماقالىلەرنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان تونجى ئەسىرى «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» نى يېزىپ ئېلان قىلىپ بىزدە بىخ ھالىتىدە تۇرغان فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مۇستەھكەم ئۇل سالدى.

فارابى ھەققىدە نوپۇزلۇق ماتېرىياللار ئىنتايىن كەم. فارابى مەشھۇر ئالىملاردەك ئۆزىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى توغرىسىدا بىرەر تەرجىمىھال يېزىپ قالدۇرمىغان. فارابى تەرجىمىھالىغا ئائىت نوپۇزلۇق مەلۇماتلار ئىبنى خەللىكاننىڭ 1299 - يىلى يازغان «مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ۋاپات تېپىشى ۋە ئۇلارنىڭ زامانلىرى» («ۋەپىياتۇل ئەيان ۋە ئەنباز زامان»). ئەبى ئۇسەيبەنىڭ «تېۋىپلار ھەققىدىكى خەۋەر بۇلاقلىرى»، («ئۇيۇنۇل ئەبنا»)، ئىبنى نەدىمنىڭ «مۇندەرىجە» («فەھرەست»)، ئەلى ئەكبەر ھۇسەيىنىنىڭ «ئەۋلىيالار ھەققىدىكى مەجمۇئە» («مەجمۇئۇل ئەۋلىيا»)، بەيھەقىنىڭ «مائارىپ توغرىسىدا»، «دائىرەتۇل مۇئارىنى»)، سەئىدنىڭ «مىللەتلەر تەبىقىلىرى» («تەبەقات ئۇمەم»)، خوتەنلىك ئالىم ئىسمەتۇللا ئىبنى نېمەتۇللا مۆجىزنىڭ 1854 - يىلى يازغان «مۇسىكانتلارنىڭ تارىخى» (تارىخىي مۇسىقىيۇن) قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبنى خەللىكاننىڭ ئەسىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. فارابى ۋە ئۇنىڭ دەۋرى توغرىسىدا يەنە ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا (980 – 1037) نىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان تەرجىمىھالىدىن[1]، نەۋائىينىڭ زاماندىشى مىرخەندنىڭ «ھەقىقەتلەر گۈلزارى» («رەۋزە تۇسسافا») ناملىق تارىخىي كىتابىدىن ۋە شەمسىدىن سامىنىڭ «قامۇسۇل ئالەم» (1898 – 1899) ناملىق كىتابىدىن مەلۇمات ئالغىلى بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئەسەرلەرنى قايتا - قايتا تەتقىق قىلىش

[1] بۇ تەرجىمىھال «ئۆزبېكىستاندا ئىلغار ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دېگەن كىتابتا بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئاندىن فارابى توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئىگە بولالايمىز.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، فارابشۇناسلىق 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن كېيىن يېڭى بىر ئىلىم تارمىقى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. فارابشۇناسلىق فارابىنىڭ پائالىيىتىنى، فارابى ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، نەشر ۋە تەرجىمە نۇسخىلىرى، ساقلانغان ئورنى ۋە ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرمىلىق تېكىستولوگىيىلىك ئەھۋالى؛ فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياكى مەخسۇس تېماتىك مەزمۇنلىرى؛ فارابى ياشىغان دەۋر ۋە تەلىمات مەنبەلىرى، فارابىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى خاس ئىجادىي تۆھپىلىرى، فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى، تىلى ۋە فارابى تېرمىنولوگىيىسى مەسىلىلىرى، فارابى ئىلمىي مىراسلىرىنىڭ تەسىرى قاتارلىق بىر قاتار تەتقىقات تېمىلىرىنى ۋە فارابى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىلىم بولۇپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا «ھازىرقى زامان فارابشۇناسلىقى مەسىلىسى» دېگەن ماۋزۇدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈپ، فارابشۇناسلىق ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەنچە بەرگەن.

فارابىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپكى مەلۇماتلار ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب، پارس ۋە ياۋروپا يېزىقىدىكى مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلانغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا فارابىنىڭ ئەسلىي قولىيازمىلىرى، كۆچۈرۈلگەن ئەسەر نۇسخىلىرى، ئەرەبچە، تۈركچە، پارسچە، لاتىنچە ۋە سۈرىيە يېزىقىدا ساقلىنىپ قالغان نۇسخىلىرى داۋاملىق تەتقىق ۋە تەرجىمە قىلىنىدى. فارابىنىڭ ئەرەبچە يېزىلغان ھازىرقى بەزى ئەسەرلىرى ئەمەلىيەتتە باشقا تىلدا ساقلانغان تەرجىمە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

فارابى ھەققىدە ئىبنى سىنادىن كېيىن 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەھمەد «تەبەقەتۇل ئۇمەم» ناملىق

ئەسىرىدە مەلۇمات بەرگەن.
خارەزملىق مۇئەللىپ ئابدۇل ھەسەن زوھرىدىن بەيھەقى (1169 - يىلى ۋاپات بولغان) «تەئىممۇل سۇۋانۇل ھىكمە» ناملىق ئەسىرىدە فارابى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇستىدە توختالغان.
13 - ئەسىردە ياشىغان ئەرەب ئالىمى ئەل قىفتى (1248 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ «ئەخبارۇل ئۇلەمابى ئەخبارۇل ھوكەما» ناملىق ئەسىرىدە فارابى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇستازى ۋە زاماندىشلىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇمات بەرگەن. بۇ ئەسەر 1908 - يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىندى.
ئىبنى ئەبى ئۇسەيبە (1269 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ «ئويۇنۇل ئەنبافى تەبەقەتۇل ئەتىببا» ناملىق ئەسىرىدە (بۇ ئەسەر 1882 - يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان) 11 - ئەسىردە فارابى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ئىبنى ئەھمەدنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، فارابى ھەققىدە رەسمىي تەرجىمىھال ۋە كاتولوگىيىلىك ماتېرىيال بەرگەن. ئۇسەيبە فارابىنىڭ 116 پارچە ئەسىرىنى ئاتاپ كۆرسەتكەن ۋە تۆت پارچە شېئىرىنى ئەرەبچە ئېلان قىلغان.
تارىخچى ئىبنى خەللىكان (1282 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ «ۋە پىياتۇل ئەيان ۋە ئەنبە ئەززامان» («تارىخىي ئىبنى خەللىكان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسىرىدە (بۇ ئەسەر 1891 - يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان) فارابىنىڭ نەسەبى، ھاياتى، دەۋرى ۋە قىسمەن شېئىرلىرى ھەققىدە نوپۇزلۇق مەلۇمات بەرگەن.
بۇندىن باشقا، ئەل قۇزۋىنى (1283 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئوبۇل فىدا (1333 - يىلى ۋاپات بولغان)، سەفىدى (1365 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەل يەفئى(1371 - يىلى ۋاپات بولغان)، مەۋلانە لۇتفى (1401 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئەل دىيار بەكرى (1462 - يىلى ۋاپات بولغان)، تاشكۆبرى زادە (1469 - يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇغاپپار كەزۋىن (16 - ئەسىر)، مەجبۇددىن مۇھەممەت ھۇسەيىن (16 - ئەسىر)، ئەلى ئەكبەر ھۇسەيىن (17 - ئەسىر)، سەئىد ئابباس

www.uyghurkitap.com

ئەلى مەكى (1781 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە فارابىنىڭ تەرجىمىھالى، فارابى ئەسەرلىرى تىزىملىكى، فارابى شېئىرلىرى بېرىلگەن. بۇلارنىڭ مۇھىملىرى سەئىدىنىڭ «ئەلۋافى بەلۋاقىيات»، ئەل يەفئىنىڭ «مىراتۇل جىنان ۋە ئىبرەتۇل يەقزان»، لۇتفىنىڭ «مەتلەئۇل ئەنۋەر»، تاشكۆپرى زادىنىڭ «مۇفتاھىل سائادەت»، ئابدۇغاپپار كەزۋىنىنىڭ «نىگارىستان غەففارى» (1858 ـ يىلى بومبايدا بېسىلغان)، مەجبۇددىن مۇھەممەت ھۇسەيىنىنىڭ «زىننەتۇل مەجالىس»، ئەلى ئەكبەر ھۇسەيىنىنىڭ «مەجمۇئۇل ئەۋلىيا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. 1760 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەرەبچە ـ ئىسپانچە قامۇس «arabico–HispanaEscurialensis» دە فارابىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە 61 پارچە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكى بېرىلگەن. شەمسىددىن سامى يازغان ئالتە جىلدلىق «قامۇسۇل ئالەم» (1889 – 1899) فارابىنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا 20 ـ ئەسىرگىچە شەرقتە يېزىلغان ئەڭ ئاخىرقى مۇھىم مەنبە ماتېرىيال بولۇپ قالدى.

فارابى ئەسەرلىرىنىڭ لاتىنچە ۋە باشقا ياۋروپا يېزىقىدىكى نۇسخىلىرى 12 ـ 13 ـ ئەسىردىن باشلاپلا ياۋروپاغا تونۇش ئىدى. ھازىرقى زامان مەتبەئەچىلىكى ۋە بۇرژۇئا شەرقشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ فارابى تەتقىقاتى غەربتە باش كۆتۈردى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى گېرمان ئالىمى م. شتېينىشنېيدىر ئەرەب مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەريانىدا 1869 ـ يىلى پېتېربۇرگ ئاكادېمىيىسى ئارقىلىق «ئەل فارابى ۋە ئەرەب پەلسەپىسى» ناملىق ئەسەر ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر بۇرژۇئا شەرقشۇناسلىقى ئەنئەنىسى بويىچە پەقەت مەنبە كۆرسىتىش، ئەسەرلىرىنىڭ كاتولوگى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىن يىراقلاپ كېتەلمىگەن ئىدى.

1890 ـ يىلى گېرمان ئالىمى فرىدرخ دىتېرىتسى فارابىنىڭ لوندون، بېرلىن ۋە لېيدېن قاتارلىق شەھەرلەردە ساقلانغان ئەرەبچە

يېزىقتىكى سەككىز پارچە پەلسەپىۋى ئەسىرىنى گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، 1892 - يىلى بىر مۇقەددىمە بىلەن ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە 1895 - يىلى لوندون ئوكسفورد قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ، فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» ناملىق ئاساسلىق ئەسىرىنىڭ گېرمانچە نۇسخىسىنى تەييارلىدى. كىتاب «غايىۋى دۆلەت» نامىدا 1900 - يىلى نەشر قىلىندى. دىتېرىتسىي 1904 - يىلى فارابىنىڭ «شەھەر سىياسىتى توغرىسىدا» ناملىق رىسالىسىنى گېرمانچە ئېلان قىلدى. دىتېرىتسىي زور مىقداردىكى تېكستولوگىيىلىك ۋە تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاساسىدا فارابىغا يۇقىرى باها بەرگەن. ئۇنى ئەرەب يېزىقىدىكى پەلسەپىنىڭ ئاساسچىسى دەپ ئاتىغان.

1906 - يىلى گېرمان ئالىمى م. هورتېن فارابىنىڭ 16 - ئەسىر يازغۇچىسى ئەمىر ئىسمائىل ئەل هۇسەينى تەرىپىدىن شەرھلەنگەن «هېكمەت گۆھەرلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ گېرمانچە نۇسخىسىنى ۋە فارابى ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئىلاۋە قىلىپ ئېلان قىلدى. هورتېن ئۆزىنىڭ 1924 - يىلى ميۇنخېندا ئېلان قىلغان «ئىسلام پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە فارابى ھەققىدە توختالدى.

گوللاندىيىلىك ت. ج بوئېر ئۆزىنىڭ 1900 - يىلى گېرمان تىلىدا ئېلان قىلغان «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىدا فارابىنى ئارىستوتېل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلىغان. ئۇ فارابىنىڭ هايات پائالىيىتى، مۇھىم ئەسەرلىرى، بەزى كۆز قاراشلىرى ھەققىدە توختالغاندا، ئۆزىدىن ئىلگىرىدىكى غەرب تەتقىقاتچىلىرىدىن ئىلگىرىلىگەن هالدا فارابىنى شەرق ئارىستوتېلىزمىنىڭ ئاتىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى.

ۋېنگرىيە شەرقشۇناسى ئىگناتس گولدىتسېر قاتارلىقلار يازغان «ئومۇمىي پەلسەپە تارىخى» نىڭ «ئىسلام ۋە يەھۇدىي پەلسەپىسى» قىسمىدا ئەرەب پەلسەپە ۋە ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى زىددىيەت ۋە

كۇرەش بىر قەدەر ئېنىق تىلغا ئېلىنغان. گولدتسىير فارابىنى روھانىيەتچىلىكتىن ياكى يېڭى پلاتونىزمدىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا «ھەقىقىي بىرىنچى ئارىستوتېلچى»، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ خاراكتېر بەرگەن.

فارابى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان فرانسۇز يازغۇچىلىرىدىن ئې. رىنان «ئاۋىروئىزم» دېگەن ئەسىرىدە فارابىنىڭ ئىبنى رۇشتىد دۇنيا قارىشىغا كۆرسەتكەن زور تەسىرى ھەققىدە توختالغان. ئۇ فارابى، ئىبنى سىنا، ئىبنى بەجەۋە ئىبنى دۇشىدنى بىر پەلسەپىۋى سەپكە تۇرغۇزدى. كاررادى ۋوكس «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» غا «ئەل فارابى» ماددىسىنى يازغان. ر. ئېرلانگېر 1930 — 1935 - يىلى فارابىنىڭ «كىتابۇل مۇسقۇن كەبىر» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ، كەڭ فرانسۇز كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرغان. بۇ كىتاب فرانسۇز تېكىستىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1961 - يىلى «ئىران مۇزىكىسى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان.

ئىسپانىيە فارابى تەتقىقاتى ساھەسىدە ئەڭ كونا مەركەزلەردىن بىرى ئىدى. ئا.گ. چالېنزا 1932 - يىلى مادرىدتا ھازىرقى زامان ئىسپان تىلىدا فارابىنىڭ «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر ئىسكورىيال كۇتۇپخانىسىدىكى ئەرەبچە ۋە لاتىنچە كونا قوليازما بويىچە ئىشلەنگەن. 50 — 60 - يىللاردا ئىسپانىيىدە فارابىشۇناسلىققا ئائىت كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. 1960 - يىلى مانۇئېل ئالونسو فارابىنىڭ «مەسىلىلەرنىڭ ماھىيەتلىرى»، «ھېكمەت گۆھەرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى.

رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە ۋ.ر. روزىنا، ۋ.ۋ. بارتولد، ئا. كرىمسكىي قاتارلىقلار فارابى توغرىسىدا توختالغان ئىدى. بولۇپمۇ ئاكادېمىك ۋ.ئا. كورشا باش مۇھەررىرلىكىدە 1885 - يىلى نەشر قىلىنغان كۆپ توملۇق «ئومۇمىي ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق كىتابتا فارابىنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ۋە

ئۇنىڭ بىر قاتار ئىپادىلىرى سۆزلەنگەن. م. ئو. ئوبولېنسكى «ئاڭ ـ پىكىر تارىخى» ناملىق كىتابىدا (1901 ـ يىل)، م.م فىلىپوف «پائالىيەتچان پەلسەپە» ناملىق كىتابىدا (1897 ـ يىل)، ئى.ل. رادلوف باش مۇھەررىرلىكىدىكى «پەلسەپە لۇغىتى» (1911 ـ يىل) ۋە 1904 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «چوڭ ئېنسكلوپېدىيە» نىڭ 19 ـ تومى «فارابى» قىسمىدا فارابى ۋە ئۇنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى ئەڭ زور ئارىستوتېلىزمچى ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

فارابى تەتقىقاتى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدە 30 ـ يىللاردا باشلىنىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. گ. سارتون ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىك «پەن تارىخى ھەققىدە مۇقەددىمە» ناملىق كىتابىدا (1927 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) فارابى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ماتېرىيال بەرگەن. فارمېر 1934 ـ يىلى «فارابىنىڭ مۇزىكىغا ئائىت ئەرەبچە ۋە لاتىنچە ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابىدا فارابىنىڭ مۇزىكا توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى ئىنگلىز يېزىقىدا تەرجىمە قىلغان.

ر. خاموند 1947 ـ يىلى نيۇيوركتا «ئەل فارابى پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئىدىيىسىگە تەسىرى» ناملىق ئەسەر ئېلان قىلدى. 1955 ـ يىلى ئامېرىكا ئالىمى، پروفېسسور گ. شىمىدت «ئىسلام دۇنياسىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە تەسىرى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ر.خاموند بىلەن شىمىدت ئەرەب دۇنياسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيىلىك كۈرىشىنى يازغان ۋە ئۇلارنى بىر پۈتۈن ئىسلام پەلسەپىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئامېرىكا شەرقشۇناسى د.م. دۇنلوپ 1951 – 1959 ـ يىلى فارابىنىڭ بىر قاتار لوگىكىلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى، بۇلار: «ئەل فارابى لوگىكىسىنىڭ مۇقەددىمە قىسمى»، «ئەل فارابىنىڭ ئىساگوكى كىتابى»، «ئەل فارابىنىڭ لوگىكىغا مۇقەددىمە ماقالىسى»، «فارابىنىڭ پارافراز كىتابى»، «ئارىستوتېلىنىڭ كاتېگورىيە كىتابى» ۋە «ئەل فارابى دۆلەت خادىملىرىغا ئائىت ھېكمەتلىك سۆزلەر

توغرىسىدا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

كېيىنكى يىللاردا فارابىشۇناسلىق بويىچە مۇھىم تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئامېرىكا ئالىمى نىكولاس رىشېر ھېسابلىنىدۇ. رىشېر فارابىنىڭ لوگىكىغا ئائىت يەنە ئۈچ ماقالىسى ھەققىدە تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئارىستوتېل لوگىكىسىدىن زور پەرقلەنگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇقىملاشتۇردى. ئۇ 1962 - يىلى 12 - ئەسىردىن بېرى مەلۇم بولغان ھەر خىل يېزىقتىكى كۆپلىگەن فارابى ئەسەرلىرى ئۈستىدە كاتولوگىيىلىك كىتاب «فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ئىزاھلىق بىبلوگرافىيىسى» نى ئېلان قىلدى.

ئەرەب ئالىملىرى فارابى ئەسەرلىرىنى توپلاش، تەرجىمە قىلىش، تونۇشتۇرۇش ۋە ئىزاھلاشتا زور كۈچ چىقاردى. 1907 - يىلىلا فارابىنىڭ سەككىز پارچە پەلسەپىۋى ئەسىرىنى توپلاپ «مەجمۇئەت پەلسەپە ئەبۇ نەسىر ئەل فارابى» نامىدا ئېلان قىلدى. جورجى زەيدان (1914 - يىلى ۋاپات بولغان) ئەرەب تىلى ۋە تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدە فارابى ھەققىدە توختالغان. ئەرەب پەيلاسوپى ئىبراھىم مەدكۇرغىچە فارابى تەتقىقاتى تېخى بىبلوگرافىيىلىك خاراكتېردە ئىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ فارابى پەلسەپىسى توغرىسىدا رەسمىي تېماتىك تەتقىقات ئېلىپ باردى.

باغدات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ھۈسەيىن ئەلى مەھفۇز «فارابى توغرىسىدا ئەرەب مەنبەلىرى» (1975 - يىل، باغدات نەشرى) ناملىق 429 بەتلىك زور ھەجىملىك ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، فارابى توغرىسىدا ساقلانغان تارىخىي خاتىرىلەرنى جەملەپ تونۇشتۇردى. ئۇ يەنە شۇ يىلى جەففار ياسىن بىلەن بىرلىشىپ «فارابى ئەسەرلىرى» (مۇئەللىفات ئەل فارابى) ناملىق 524 بەتلىك تونۇشتۇرما بىبلوگرافىيە كىتابىنى ئېلان قىلدى. بۇ كىتابتا فارابى ئەسەرلىرىنىڭ ساقلانغان ئورنى، بەت سانى، ئاساسىي مەزمۇنى كۆرسىتىلگەن.

ئىراندا رەجەپ تەبرىزى 1933 - يىللىق «ئەرمەغەن»

ژۇرنىلىنىڭ بىر قانچە سانلىرىدا فارابى ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئىراندا چىققان قامۇس خاراكتېرلىك «لۇغەت نامە»گە دېخخۇدا فارابى توغرىسىدا تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يازغان ۋە ئۇنىڭ 109 پارچە ئەسىرىنى ئاتاپ كۆرسەتكەن. بۇندىن باشقا، ز. سافانىڭ «راتسىئونال ئىلىملەر تارىخى» (1953 - يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغان)، م. مېخردادەنىڭ «شەرق پەلسەپىسى» ناملىق كىتابلىرىدا فارابى توغرىسىدا توختالغان. ھەيدەر ئاباتتا 1921 – 1931 - يىللىرى نەشر قىلىنغان «دائىرەتۇل مائارف» مەجمۇئەسىدە فارابىنىڭ 11 پارچە ئەسىرى نەشر قىلىندى. كابۇلدا 1949 – 1956 - يىللىرى نەشر قىلىنغان «دائىرەتۇل مائارف» ناملىق ئۈچ توملۇق مەجمۇئەدە فارابىنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرىگە ئائىت مەنبەلەر ۋە ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى بېسىلدى. بومبايدىمۇ 1937 - يىلى «دائىرەتۇل مائارف» مەجمۇئەسى نەشر قىلىندى. پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدە 1955 - يىلى فېۋرالدا ئېچىلغان پەلسەپە ئىلمىي يىغىنىدا س. سەئىد، ھاجى ئەسقەر ھۈسەيىن قاتارلىقلار فارابى دۇنيا قارىشىغا ئائىت بىر قانچە لېكسىيىلەرنى ئوقۇدى. شۇ يىلى كاراچىدا مۇھەممەت ئابدۇلھىيانىڭ «ئىسلام ۋە ئەقىل» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى. ئەل ھەسەن مەسۇمى، ب. ھ. سىدىقى قاتارلىقلار فارابىنىڭ ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرى ۋە پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش تەلىماتلىرى ھەققىدە ماقالىلەر ئېلان قىلىشتى.

تۈركىيە ئالىملىرىدىن ئەخمەت ئاتېش، خ.ز. ئۈلكېن قاتارلىقلار فارابىشۇناسلىق ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك تەتقىقات ماتېرىياللىرى ئېلان قىلىشتى. 1950 – 1951 - يىللىرى فارابى ۋاپاتىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتى بىلەن ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ھەم تۈركىيە تارىخ «خاتىرە يىغىنى» ئۆتكۈزدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1924 - يىلىلا ئۆزبېك پروفېسسورى،

پەلسەپە دوكتورى ئابدۇراخمان سەئىدى «ئىنقىلاب» ژۇرنىلىدا «ئەبۇ نەسىر ئىبنى مۇھەممەت بىننى تارخان فارابى» ناملىق ئۇزۇن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

قارى نىيازوف 1950 - يىلى يازغان «ئۇلۇغبېكنىڭ ئاسترونومىيىلىك مەكتىپى» ناملىق ئەسىرىدە ۋە 1960 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆزبېكىستان خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى» ناملىق ئەسىرىدە فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى توغرىسىدا يېڭى، ئىجابىي كۆز قاراشلارنى ئىپادىلىدى. مۆمىنوف ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار» قاتارلىق بىر قاتار ئەسەرلىرىدە فارابى تەلىماتلىرىدىكى كۈچلۈك ماتېرىيالىستىك خاھىشنى ۋە فارابىنىڭ ئىدىيىۋى پىكىرلەر تارىخىدىكى ئىلغار تەسىرىنى مۇقىملاشتۇردى.

1959 - يىلى فارابىنىڭ ماتېماتىكىلىق رىسالىلىرى قەدىمكى يەھۇدىي يېزىقىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. 1970 - يىلى فارابىنىڭ «پەلسەپىۋى رىسالىلىرى»، 1972 - يىلى فارابىنىڭ كەڭ ھەجىملىك «ماتېماتىكىلىق رىسالىلىرى»، 1973 - يىلى فارابىنىڭ «ئىجتىمائىي ئەخلاق رىسالىسى» رۇسچە ئۈچ كىتاب شەكلىدە ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلىندى. 1960 - يىلى س. ن. گرىگورىيان ئېلان قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابقا فارابىنىڭ «پورفىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە شەرھى كىتاب»، «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ تاللانغان بابلىرىنىڭ تېكىستى بېرىلدى. گرىگورىيان بىلەن ئا.ۋ. ساگادېيېف بىرلىكتە 1961 - يىلى ئېلان قىلغان «يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دىگەن كىتابتا فارابى ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار بېرىلدى.

1960 - يىلى ئاۋغۇستتا موسكۋادا 25 - نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقشۇناسلىق كېڭىشى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەبۇ نەسىر فارابى ئىلمىي



www.uyghurkitap.com

مىراسلىرى توغرىسىدىمۇ مەخسۇس لېكسىيە ئوقۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بولۇپمۇ فارابى تۇغۇلغانلىقىغا 11 ئەسىر بولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن 70 - يىللاردا ئونلىغان كىتابلار، يۈزلىگەن ماقالىلەر مەيدانغا كەلدى.

پولشا شەرقشۇناسى ۋ. زاينچكوۋسكىي 1950 - يىلى «ئۇلۇغ ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىمى فارابى ۋە بىرۇنى» ناملىق ئەسەرنى يازدى. 60 - يىللاردا چېخوسلوۋاكىيە ئالىمى ئاننامروزېك ۋە باشقىلار فارابى ھەققىدە ماقالىلەر يازدى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتى تەرجىمە قىلغان ئىبنى سىنانىڭ «ئەششىغا» ناملىق كىتابىنىڭ 6 - قىسمىغا يېزىلغان كىرىش ماقالىسىدە فارابىنىڭ ئىلغار فانتېزملىق كۆز قارىشى، تەبىئەت ۋە تەڭرىنى بىردەكلىككە ئىگە دەپ قارايدىغانلىقى ۋە باشقىلار مۇقىملاشتۇرۇلغان. «سىخەي» قامۇسىدا فارابىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى ۋە تۆھپىلىرى تىلغا ئېلىنغان.

فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ (گەرچە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ ساھەدە 70 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە تەتقىقاتقا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما 80 - يىللاردىن باشلاپ ئاندىن تەتقىقاتى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن - ئا) ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ۋە فارابىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى بىر قەدەر ئەتراپلىق سۆزلىنىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۇنجى فارابىشۇناسلىققا ئائىت مەخسۇس ئەسەر «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»نى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىنلەرنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» قاتارلىق كىتابلاردا فارابىنىڭ ھاياتى، ئەسەرلىرى ھەققىدە

قىسقىچە مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. فارابىنىڭ تەرجىمىھالى يەنە «دېڭىز ئۇنچىلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، «مۇقام پېشۋالىرى» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ ئورۇن ئالغان. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى فارابىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن خەلقنى خەۋەردار قىلىش، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، — مەن ئۆزۈمىمۇ بىلمەستىن فارابىنىڭ ھاياتىنى ئەمەس، بەلكى دۇنيادا فارابى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىلا ئاساس قىلىپ سۆزلەپ كېتىپتىمەن. سۆزۈم ئۈزۈلۈپ بالىلارغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدىم. شۇ ھامان بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، فارابىنى ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى دەيدىكەنمىز. بۇنىڭ ئېنىق ھايات تارىخى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن بالىلارنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىغا تېخىمۇ قىزىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزۈمچە سۆيۈندۈم ۋە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— بار، ئالىم فارابىنىڭ ھايات نەسەبى ۋە ۋەتىنى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەنبەلەر خېلى كۆپ. يېقىنقى يىللاردىن بىرى، بۇ ھەقتە ئىزدىنىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ ئالىمغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى كۈچەيدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ھاياتى خېلى مۇكەممەل تونۇشتۇرۇلدى. مەن ئەمدى سىلەرگە فارابىنىڭ ھاياتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ۋەتىنى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراپ (ئوترار)[1]

---

[1] فاراب (ئوترار) شەھىرى سىر دەرياسىنىڭ ياپيېشىل بوستانلىق ۋادىسىغا جايلاشقان كۆپ نوپۇسلۇق ئاۋات بىر شەھەر ئىدى. بۇ جاي ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ سانىلاتتى. 1219- يىلىنىڭ باشلىرىدا چىڭگىزخان ئارمىيىسى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، بۇ مەدەنىيەتلىك شەھەر ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن قاتتىق ۋەيران بولدى. ھازىر ئەينى دەۋردىكى بۇ ئاۋات شەھەرلەرنىڭ پەقەت خارابىسىلا قالغان.

شەھىرى بولۇپ، ئۇ ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 259 - يىلى (مىلادىيە 870 — 871 - يىللىرى) ۋاسىج ھەربىي قەلئەسىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرىيىنىڭ 339 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 950 — 951 - يىللىرى) ماھى رەجەپ ئېيىدا (12 - ئايدا) سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ تەخمىنەن 80 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

فارابى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى نەسەب جەھەتتىن توققۇز ئوغۇز قارلۇق تۈركلىرى تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ۋە ھوقۇق ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۆزبېكىستاندا ئىلغار ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ناملىق كىتابنىڭ ئاكادېمىكى ئى.م. مۆمىنوف يازغان مۇقەددىمىسىدە فارابىنى « سىر دەريا بويىدىكى فاراب شەھىرىدە تۇركىي ئائىلىدە تۇغۇلغان مەشھۇر پەيلاسوپ» دەپ كۆرسىتىلگەن. «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»دا فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققان دەپ تىلغا ئېلىنغان. سوۋېت فارابىشۇناسلىرىدىن م. م. خەيرۇللايوف «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى» ناملىق كىتابىدا، ب. غ. غوپۇروف بىلەن ئا. خ. قاسىمجانوف ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت تارىخىدا ئەل فارابى» ناملىق كىتابىدا، س. ن. گرىگورىيان ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىدا، مىسىر ئالىمى دوكتور سەيىت زايىت ئۆزىنىڭ «ئەل فارابى» ناملىق ئەسىرىدە ئەبۇ نەسىر فارابىنى بىردەك سىر دەريا بويىدىكى تۈركىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن دەپ يېزىشقان. فارابىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا «ئىككىنچى فارابى» دەپ نام ئالغان ئۇلۇغ ئالىم ئىبنى سىنامۇ فارابىنى تۈرك ئىدى دەپ يازغان. ئىبنى خەللىكان ئىبنى سەئىت كۆرەۋى تەمىنلىگەن مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ يازغان ئۆز كىتابىدىمۇ: «فارابى تۈرك ئىدى، ئۆز ۋەتىنىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن... ئۇ تۈركىي ۋە باشقا تىللارنى بىلەتتى، ئەرەب تىلىنى بىلمەيتتى» دەپ ئېنىق يازغان.

فارابى مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر چەۋەنداز،

ھەربىي ئوفىتسېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مىلادىيە 893 ـ يىلى ئىسمائىل سامانى تالاس فاراب ـ بالا ساغۇن لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ بوستانلىقنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئەسىرگە ئالغان 15 مىڭ كىشىنى مانىي ئېتىقادىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغاندا، ئائىلىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىدى.[1]

فارابىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئۆز يۇرتى فاراب، قەشقەر ۋە بالا ساغۇندا ئۆتكەن. فاراب شەھىرى دەل ـ دەرەخلىك، بۇك ـ باراقسان، ياپيېشىللىققا چۆمگەن، ساپ ھاۋالىق، سالقىن، كۆپ نوپۇسقا ئىگە چوڭ ھەم گۈزەل شەھەر، شۇنداقلا تۆمۈرلەڭ، ھەزرىتى يەسسەۋى ـ مەسچىدىندەك پادىشاھلار، ئاتاقلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار، ئۇلۇغ ئەربابلار، مۇتەپەككۇر ياشاپ ئۆتكەن، ئىلىم ـ مەرىپەتتە گۈللەنگەن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغاچقا، مۇنداق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىت فارابىنىڭ ئائىلىسىنىڭ كەمبەغەللىكىگە قارىماستىن، ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇ 30 ياشقىچە ئۆز يۇرتىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەسلەپكى بىلىم مەلۇماتىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە مۇزىكىسىنى پىششىق ئىگىلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىرانغا بېرىپ پارس تىلىنى ئۆگەندى. فارابىنىڭ يۇرتىدىن چىقىپ كېتىشى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بار. شەرىپىدىن ئۆمەر يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابتا: «880 ـ يىللاردىن باشلاپ يەتتە سۇ ۋە قەشقەردە قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرۇش، كېڭەيتىش، مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ناھايىتى كەسكىن تۈس ئېلىشقا

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، 131 ـ بەت.

باشلىغان، فارابىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پۈتۈن ئائىلىنى ئېلىپ ئىرانغا، كېيىن ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايىتەختى باغداتقا كۆچۈپ كېتىشكەن. فارابى ئائىلىسى ئېھتىمال دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن ئۆزىنى چەتلىتىپ تىنچ جايدا ھايات كەچۈرۈشنى ئويلىغان بولسا كېرەك»[1] دېيىلگەن بولسا، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»... قاتارلىقلاردا فارابى تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلەش مەقسىتىدە ئاندىن يۇرتىدىن باغدادقا قاراپ يول ئالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئەينى دەۋر ۋەزىيىتى ۋە فارابىنىڭ ئىلىم ئىگىلەش قىزغىنلىقىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىلىم ئۇچۇن چىقىپ كەتكەنلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن بۇ تېخى تەتقىقات ئۇستىدىكى مەسىلە، خالاس.

فارابىنىڭ باغدادقا قاچان يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. فارابىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەكلا ئۇنىڭ ئەرەب ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 18 ـ خەلىپىسى خەلىپە مۇقتەدىر بىللا زامانىسىدا (908 ـ، 932 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) باغداتتا ياشىغانلىقىنى تەستىقلايدۇ. خەيرۇللايوف ئۇنىڭ باغداتقا بېرىشتىن ئىلگىرى ئىسپىھان، ھەمەدان ۋە تېھران شەھەرلىرىدە بولغانلىقىنى تەخمىن قىلىدۇ. بەلكى ئۇ سەپەر ئۇستىدە ئىراننىڭ بۇ شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

فارابى باغداتقا كەلگەن دەۋر ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپە ھارۇن رەشىد ۋە خەلىپە مەمۇن دەۋرىدىكى مەدەنىيەت گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرى ئاياغلاشقان، خەلىپە مۇقتەدىر ھۆكۈمرانلىقى ھەرخىل ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بوھرانغا توشقان؛ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى، قۇللار قوزغىلاڭلىرى، مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن؛

---

[1] شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1982 ـ نەشرى، 301 ـ بەت.

خەلپىلىكنىڭ بىرمۇنچە ئۆلكىلىرى مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ئايرىلىپ چىققان؛ ھەرخىل ئىلمىي ۋە دىنىي گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئىدېئولوگىيىلىك زىددىيەتلەر كۈچەيگەن؛ خەلپىلىك تۈزۈك چەۋەندازلىرىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغان ۋە ئەركىن پىكىرگە قارشى دىنىي ھاكىممۇتلەقلىققا قاراپ يۈزلەنگەن ۋاقىتلار ئىدى.

فارابى باغداتقا كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە، يەنى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ تىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە قاراتتى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ئەرەب تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئەرەب تىلىدىكى مۇرەككەپ ماقالىلەرنى يېزىش سەۋىيىسىگە يەتتى. چۈنكى ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئوتتۇرا ئەسىردە يۇنان، ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بىر قىسىم فارابىشۇناسلار ئۇنىڭ 70 خىل تىلنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ. ئۇ ھەتتا ئەرەب خەلپىلىكىنىڭ ئوردىسىدىلا قوللىنىلىدىغان، ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىدىن باشقا ئادەملەر چۈشىنەلمەيدىغان بىر خىل تىلنىمۇ بىلىدىكەن. فارابى ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا مەنتىق، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، مۇزىكا... ساھەلىرىدە خېلى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغان. بولۇپمۇ ئۇ، بۇ مەزگىلدە ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان ۋە ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئارستوتېل تەلىماتلىرىنى تەتقىق قىلدى، شەرھلىدى، جارى قىلدۇردى. ئارستوتېل تەلىماتلىرىنى پلاتون ۋە يېڭى پلاتونىزم گىچماچلىرى ئارىسىدىن ئايرىپ چىقتى، ئۇ بۇ جەرياندا يەنە باغداتتا ياشايدىغان مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇ بەشەرمەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى زوقلىنىپ ئۆگەندى. فارابى تۈركىي، پەھلىۋى، تاجىك، ئەرەب، سۇرىيە، گرېك تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ ئەرەب يېزىقىدا مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەر ۋە گۈزەل شېئىرلارنى يېزىپلا قالماستىن، ئەرەب تىلى لېكسىكىسىنى بېيىتتى، ئەرەب

پەلسەپىسىنىڭ بىر يۈرۈش تېرمىنولوگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ پەلسەپە، لوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پەندە قوللانغان ئاتالغۇلىرى ھازىرغىچە ئەرەب تىلىدا ئىشلىتىلمەكتە[1]. مىسىرلىق ئالىم سەئىد زايىتنىڭ ئېيتىشىچە، فارابى تىل ۋە لوگىكا جەھەتتە ئۆز ئۇستازىدىن تېز ئېشىپ كەتكەن[2].

فارابى باغداتتا تۇرغان ۋاقىتتا ھەردان قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ، ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن پەلسەپە ئۆگىنىپ، ئەرەپ پەلسەپىسىگە زور كۆچ قوشقان بولۇپ، خامىلتون. ئا.گىببى «ئەرەب ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىدا «فارابىنىڭ نامىنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئەرەب پەلسەپىسگە قوشقان تۆھپىسىدىن بولغان»[3] دەيدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، فارابىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كىتابلىرى باغداتتا يېزىلغان ياكى باغداتتا يېزىلىشقا باشلىغان. فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدا كۆز قاراشلار» («كىتاب ئەرە ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە») دېگەن كىتابىنى 940 - يىلى باغداتتا يېزىشقا كىرىشكەن.

تارىختىن بېرى ھەر قايسى ئەللەردە ئىلىملىكلەرگە ھەسەت كۆپرەك قوزغىلىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئىلىم - پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە زور شۆھرەت قازانغان بۈيۈك ئالىم فارابى ئۆزىنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىلغار ئىدىيىلىرى ئۈچۈن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ[4] باغداتنى تاشلاپ، دەمەشىق (ھازىرقى سۈرىيىنىڭ پايتەختى) گە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئىرئۆزى «ئىسلام پەلسەپىسى تارىخى» ناملىق كىتابىدا، فارابىنىڭ باغداتتىن كېتىش سەۋەبىنى «ئۇنىڭ سىياسىي پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن باغداتتىن چىقىپ

---

[1] ئا. مۆھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 36- بەت.
[2] ئا. مۆھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 36- بەت.
[3] خامىلتون. ئا. گىببى: «ئەرەب ئەدەبىياتى» (ئۇيغۇرچە نەشرى) 158-بەت.
[4] شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» 302-بەت.

كەتكەنلىكى شۈبھىسىز»[1] دەپ ئىزاھلايدۇ.

فارابىنىڭ باغداتتىن دەمەشىققە كەلگەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 330 - يىلى (941 - يىلى) بولۇپ، بۇ چاغلاردا دەمەشىق مادىي ۋە مەنىۋى گۈللىنىش دەۋرىدە بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى جەھەتتە فېئودالىزمنىڭ يىمىرىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. شەھەرلەردە سودا، ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى دېھقانلارنى ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. دېھقانلارنىڭ قېنىنى شورىغان فېئوداللار بىلەن دېھقانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. فېئوداللارغا قارشى خەلقنىڭ نارازىلىقى خىلمۇخىل فورمىلاردا ئوتتۇرىغا چىقتى. فېئوداللىق جەمئىيەت پەن - مەدەنىيەتكە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى ئىدى. شۇڭا بۇ يەردىمۇ ئالىملار، شائىرلار قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىناتتى. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، فارابى دەمەشىققە كەلگەندىن كېيىن، شەھەر سىرتىدىكى باغلارنىڭ بىرىدە ناھايىتى ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئۆزىنىڭ باغداتتا باشلىغان ئىلمىي ئەمگىكىنى داۋاملاشتۇرغان. ئىبنى خەللىكاننىڭ كۆرسىتىشىچە، فارابى شەھەر سىرتىدىكى باغلارنىڭ بىرىدە قاراۋۇللۇق قىلغان، ناھايىتىمۇ نامرات بولغاچقا، قاراۋۇللۇق چىرىغى ئاستىدىكى يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرغان.

شىمالىي سۈرىيە ھۆكۈمرانى، ھەمدانى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلە 943 - يىلى دەمەشىق شەھرىنى پايتەخت قىلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، فارابى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ. ئىبنى خەللىكاننىڭ قىزىقىپ ھېكايە قىلىشىچە، بىر كۈنى فارابى پىيادە مېڭىپ سەيپۇل دەۋلە (915 - 967) نىڭ ياسىداق ئوردىسىغا كىرىپ كېلىدۇ. ياش پادىشاھنىڭ

[1] «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 39- بەت.

ساريىغا توپلانغان ھەر خىل مۆتىۋەرلەر ھەر خىل ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئۈستىگە تۈركچە كىيىنگەن فارابىنى تونۇمايتتى. پادىشاھ بۇ ناتونۇش كىشىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندا، فارابى پادىشاھقا: «خالىغان جايدىمۇ ياكى بەلگىلەنگەن جايدىمۇ؟» دەپ سوئال قويىدى. سەيپۇل دەۋلە ئۇنىڭغا: «خالىغان جايدا» دەپ جاۋاب بەردى، فارابى كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، توپتوغرا سەيپۇل دەۋلە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. سەيپۇل دەۋلەنىڭ يېنىدا مۇھاپىزەتچى مەمەلىك ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ سەيپۇل دەۋلىگە ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان ئايرىم تىل بىلەن: «بۇ شەيخ ئەدەپسىزلىك قىلدى. مەن ئۇنىڭغا بىر قانچە سوئال قويۇپ كۆرەي، جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرەيلى» دېدى. بۇ تىلنى فارابى ياخشى بىلەتتى. فارابى دەرھال ئۇنىڭغا : «ئەمىر ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ھەر قانداق ئىشقا پەقەت ئۇنىڭ ئاخىرىدىلا باھا بېرىش كېرەك» دېدى. سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن: «سىز بۇ تىلنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىغاندا، فارابى: «بىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. سۆھبەت باشلاندى، ھەر خىل ئىلمىي تېمىدىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پەقەت فارابىلا بۇ مەسىلىگە روشەن ئىزاھات بېرەلىدى. سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن: «ئىچىملىك ئىچىشنى خالامسىز؟» دەپ سورىدى. فارابى يەنە «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. «مۇزىكا ئاڭلاشنى خالامسىز؟» دەپ سورىغاندا، فارابى «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. فارابىنىڭ ئىلمىدىن قايىل بولغان سەيپۇل دەۋلە ئۆز سارىيىدىكى ئاتاقلىق سازەندىلەرنى چاقىرىپ نەغمە قىلدۇردى. فارابى سازەندىلەرنىڭ ماھارىتىدىن نۇقسان تاپقاچقا، سەيپۇل دەۋلە فارابىدىن: «سىز بۇ ساز ئۈستىلىرىدىنمۇ ياخشىراق چالىدىغان ئوخشىمامسىز؟» دەپ سورىدى. فارابى: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى ھەم بەلۋېغىغا ئورالغان قۇتىچىدىن بىر تال تارنى ئېلىپ، مۇزىكىنى سازلاپ

چېلىشقا باشلىدى. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ تۈنجى مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ روھلاندى، ئىككىنچى مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ يىغلاشتى. فارابى ئۈچىنچى مۇزىكىسى بىلەن ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ سارايدىن تەنها چىقىپ كەتتى. سەيپۇل دەۋلە بۇ شەيخنىڭ فارابى ئىكەنلىكىنى شۇ ۋەقەدىن كېيىن بىلگەن ۋە ئۇنى ئۆز ھەرىمىگە تەكلىپ قىلىپ ئۇستاز تۇتقان[1].

سەيپۇل دەۋلە فارابىنى ئۇستاز تۇتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا پۈتۈن خەزىنىنى ئېچىپ، خالىغانچە تەمىنلىنىشىنى تەۋسىيە قىلغاندا، فارابى بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان. رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇ دەمەشىق بازىرىدىكى ئاياغ تىككۈچىلەرنىڭ ئالدىغا بارغان. ئۇ بىر جۈپ موزدۇزنىڭ ئالدىدا توختاپ، ياشىراقىدىن بىر كۈندە قانچىلىك تاپاۋەت قىلىدىغانلىقىنى سورىغان. فارابى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كۈنىگە ئىككى دەرھەم كىرىم قىلىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆز خىراجىتى ۋە ئىلمىي پائالىيىتى ئۈچۈن پەقەت تۆت دەرھەم بىلەن تەمىنلىنىشى كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى سەيپۇل دەۋلەگە ئېيتقان. بۇ پۇل فارابى ئۈچۈن تولىمۇ ئەرزىمەس بولسىمۇ، ئۇ پىيادە يول مېڭىپ ۋە ساددا ياشاپ ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان[2].

فارابى دەمەشىقتىن 948 ـ يىلى مىسىرغا بېرىپ، كۆپلىگەن ئالىملار بىلەن تونۇشقان، ئىلمىي لېكسىيىلەر ئوقۇغان ۋە بىرقاتار مۇنازىرىلەردە ئۇستۇنلۇك ئېلىپ، زور ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولغان. 949 ـ يىلى يەنە مىسىردىن دەمەشىققە قايتىپ كەلگەن.

فارابى ئوتتۇرا، يېقىن شەرقتىكى ھاياتىنىڭ تەخمىنەن ئىككىنچى دەۋرى ئاخىرىدا ئۆز ۋەتىنى بولغان ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم كەلگەن بولۇپ، 15 ـ ئەسىردە ياشىغان مەۋلانە لۇتفى

---

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 40-41-بەت.

[2] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 40 – 41- بەتلەر.

ئۆزىنىڭ «نور مەنبەلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدە فارابى مەنسۇر ئىبنى نوھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سامانىيلار دۆلىتىگە كەلگەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىككىنچى تەلىمات» دېگەن كىتابىنى يېزىپ ئۇنى مەنسۇر ئىبنى نوھقا تەقدىم قىلغانلىقىنى، مەنسۇر ئىبنى نوھنىڭ فارابىغا ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن شۆھرەتلىك نامنى بەرگەنلىكىنى، بۇ كىتابنىڭ ئىسپىھاندىكى «سۇۋانول ھىكمە» كۇتۇپخانىسىغا قويۇلغانلىقىنى يېزىپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەينى دەۋر ئەدىبلىرىدىن مىرخەند، تاشكۆپرى زادە... قاتارلىقلارمۇ فارابىنىڭ شۇ جايدا يېزىلغان بىرقىسىم ئەسەرلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت جەڭچىسى ئەبۇنەسىر فارابى ھىجرىيىنىڭ 339 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 950 - يىلى) ماھى رەجەپتە (12 - ئايدا) دەمەشىق شەھىرىدىن سەييارە سەپەرگە (لېكسىيە سەپىرى) ئاتلانغاندا، قوراللىق باندىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن[1] بولۇپ، سەيپۇل دەۋلە بۇنى ئاڭلاپ، مەرھۇم ئالىمنىڭ جەسىتىنى دەمەشىق شەھىرىگە ئەكىلىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ «بەبەس سەغىر» دەرۋازىسى يېنىدىن قەبرە كولاپ، رەسمىي ماتەم لىباسى كىيىپ، ئالىمنىڭ جەسىتىنى تۆت خەۋۋاس بىلەن گۆر لەقمىسىگە ئېلىپ كىرىپ دەپنە قىلدى.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن قىممەت تاپىدۇ. ئەمگەكسىز، ئىجادسىز ئۆتكەن ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتى يوق، پۇچەك ھايات بولىدۇ. «ھېچبىر ئادەم تەييار ھالدا، يەنى ھەممە جەھەتتىن ئۆلچەملىك ھالدا دۇنياغا كەلمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھەممە ھاياتى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتتىكى تەرەققىيات، دائىمىي

---

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 40-41-بەت.

شەكىللىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس»[1]. ئۇ پۇتكۇل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن قان ـ تەر تۆكسە، ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇتكۇل خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەر ۋاقىت شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولىدۇ. فارابى ئۆزىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى داۋامىدا ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پەننىڭ ھەرقايسى تۈرىدە كامالەتكە يەتكەن بولغاچقا، ئۇنى پادىشاھ ئۆزى ۋاپات لەخمىسىگە ئېلىپ كىرىپ دەپنە قىلدى.

ئوقۇغۇچىلار شۇ تاپتا فارابىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقاندەك سۈكۈتتە ئىدى. دەرستە ئۆزىنى باسالمايدىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارمۇ فارابى ھاياتىغا شۇنداق بېرىلىپ كەتكەنىدى. مەن سۆزلەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەسلىي دەرس مەزمۇنىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. فارابى ھەققىدىكى بايانىنى ئاخىرلاشتۇراي دېگەن مەقسەتتە ئوقۇغۇچىلاردىن:

— فارابى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىغان ئىدىم. سوئالىم تۈگىمەستىنلا بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، فارابىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قانداق ئەسەرلىرى بار؟ — دەپ سورىدى.

ئەمدى بۇ ھەقتە سۆزلىمەي ئامال يوق ئىدى. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق قىزىقىش كەيپىياتىدىن تېخىمۇ سۆيۈنۈپ، فارابى ئەسەرلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنى باشلىدىم.

— فارابى ھاياتىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، تۈركىيە ئالىمى ئەخمەت ئاتەش ئۆزىنىڭ «فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى» ناملىق كىتابىدا فارابىنىڭ

[1] ۋىل ۋورونتسوف: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل 2 ـ نەشرى، 49 ـ بەت.

ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە يازغان 160 پارچە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكىنى بەرگەن[1]. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىنلەر يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابتا فارابىنىڭ «300 پارچىگە يېقىن ئەسىرى ئىلىم - پەن دۇنياسىغا كەڭ تارقالدى»[2] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەمما كۆپلىگەن فارابىشۇناسلار ئەخمەت ئاتەشنىڭ مەلۇماتىنى ياقلايدۇ. فارابى ئەسەرلىرى ئەرەبچە، تۈركچە، پارسچە، لاتىنچە، ئىسپانچە، فرانسۇزچە، گېرمانچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە ۋە باشقا بىرمۇنچە تىللاردا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى باغدات، دەمەشىق، بېيروت، قاھىرە، تېھران، ئىستانبۇل، ھەيدەرئابات، موسكۋا، باكۇ، تاشكەنت، دۇشەنبە، ئالمۇتا، قازان، پارىژ، لوندون، بېرلىن، مادرىد، لېدىنا، نيۇيورك ۋە باشقا نۇرغۇن شەھەرلەردە ساقلانماقتا.

فارابى ئەسەرلىرىنى ئومۇمەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرى، فارابى ئارستوتېل ۋە قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى ئىجادىي شەرھلەپ جارى قىلدۇرغان ئەسەرلەر؛ يەنە بىرى، فارابىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇستەقىل ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت.

فارابىنىڭ بىرىنچى تۈردىكى ئارستوتېل، ئېۋكلىد، پتولېمېي، پورفىرى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھىي ئەسەرلىرى ئۇنىڭ قايتا ئىشلىشى، قايتا ئىزاھلىشى، ئېنىقسىزلىقلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ، نۇقسانلىرىنى تۈزىتىشى بىلەن پۈتۈنلەي يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان. فارابى بۇ خىل شەرھىي ئەسەرلىرىدە قەدىمكى گرېك ئىلغار كۆزقاراشلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ،

---

[1] ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، 19 - بەت.
[2] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى، 232 - بەت.

تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى يېڭى پىكىر ۋە پاكىتلار بىلەن راۋاجلاندۇرغان. ئۇ ئارستوتېل ئەسەرلىرى بىلەن پلاتون ۋە يېڭى پلاتونىزمچىلار ئەسەرلىرىدىكى ئايرىلىشىپ كېتىش ھادىسىسىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇلارنى پەلسەپىۋى سىستېمىسى بويىچە ئايرىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

ئارستوتېل كىتابلىرىدىن: «بىرىنچى ئانالىتىكا» (كىتابۇل قىياس)، «ئىككىنچى ئانالىتىكا» (كىتابۇل بۇرھان)، «شەرھنامە» (كىتابۇل ئىبارەتە)، «توپىكا» (كىتابۇل جەدەل ياكى توپىقا)، «كاتېگورىيە» (كىتاب فىل مۇقەۋۋىلات)، «ئېتىكا» (كىتابۇل ئەخلاق)، «رىتورىكا» (كىتابۇل خىتابەت)، «پوئېتىكا» (كىتابۇل شېئىر)، «مېتافىزىكا» (كىتابۇل رەبۇبەت)، «سوفىستىكا» (كىتابۇل سوفىستەيىئە ياكى كىتابۇل غەلەتمەنىد) قاتارلىقلار؛ بۇندىن باشقا يەنە پتولېمېينىڭ «ئالماگىستا» (ئەل مەجەستى)؛ ئالېكساندىر ئافرودېزىسكىنىڭ «روھ ھەققىدە» (كىتاب فىنتەفس)؛ ئېۋكلىدنىڭ «گېئومېترىيە» (ھەندەسە)؛ پورفىرىنىڭ «ئىزگوك» (ئىساغوجى) قاتارلىق كىتابلىرىغا فارابى شەرھنامە، تەپسىر يازغان. «فارابى شەرھنامىلىرى يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىلغار مۇتەپەككۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئۇلارنى ئارستوتېلنىڭ ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى»[1].

فارابىنىڭ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى خاس ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

«پەنلەرنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەرىپى توغرىسىدا كىتاب» («ئىھسال ئۇلۇم ۋە ئەت تەرىپ»)، «پەلسەپە نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا» («كالام فى مەنائىسمىل فەلسەفە»)، «پەلسەپە

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، 53 ـ بەت.

توغرىسىدا» («تائاللىق فىل ھېكمەت»)، «پەلسەپە تەتقىقاتىغىچە پەلسەپىگە ئائىت ئۆگىنىدىغان كىتاب» («فۇسۇل فەلسەفە مۇنتەزىبافى كۇتونۇل فەلسەفە»)، «مەسىلىلەر بۇلاقلىرى» («ئويۇنۇل ماسائىل»)، «پەلسەپىنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدە كىتاب» («كىتاب فى لاۋازىمۇل فەلسەفە»)، «ئەقىل توغرىسىدا كىتاب» («كىتاب فىل ئەقىل»)، («ھېكمەت گۆھەرلىرى توغىرىلىق رىسالەت»، («رىسالەت فۇسۇسىل ھەكىم»)، «سۇبستانسىيە ھەققىدە سۆز»، («كالام فىل جەۋھەرى»)، «تەسەۋۋۇر ۋە قانۇنىيەت ھەققىدە كىتاب»)، («كىتاب فىل ھىيەلى ۋەنناۋامىس»)، «پەلسەپىۋى سوئاللارغا جاۋابلار» («جاۋابا تىل ماسائىل سۇئىلەئەنھا») قاتارلىق ئومۇمىي پەلسەپىۋى ئەسەرلەر؛ «چوڭ لوگىكا توغرىسىدا ئىخچاملانغان كىتاب» (كىتابۇل مۇختەرسىر مەنتەقى كەبىر»)، «كىچىك لوگىكا توغرىسىدا ئىخچاملانغان كىتاب»، («كىتابۇل مۇختەسىر مەنتەقى سەغىر»)، «لوگىكا ھەققىدىكى ئومۇمىي كىتابلار» («جاۋامىئى لوتۇبول مەنتىق») قاتارلىق لوگىكىغا ئائىت ئەسەرلەر؛ «ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىنىڭ دائىملىقى توغرىسىدا كىتاب» (كىتاب فى ئەننەھەرىكەتۇل فەلكى دائىمە»)، «بوشلۇق ۋە مىقدار ھەققىدە كىتاب» («كىتاب لەھۇفىل ھىيەزى ۋە لىمقىدار»)، «مەۋھۇم گېئومېتىرىيىسى ھەققىدە مۇقەددىمە كىتاب» («كىتابۇل مەدخەلى ئىلەل ھەندەسەتىل ۋە ھىمىيەتى»)، «ئاسترونومىيە كىتابى» («كىتابۇننۇجۇم»)، «فىزىكا ئاساسلىرى ھەققىدە كىتاب» («كىتاب فى ئۇسۇل ئىلمۇتتەبىئەتى»)، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۇكى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە كىتابى» («كىتابى فى ۋاجۇبى سانا ئىتىل كىميا ۋە رەددى ئەلەمۇبتەلىھا»)، «روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە رىسالە» («رىسالەفى ماھىيەتى نەفەس»)، «ھايۋان ئورگانىزمى ھەققىدە ماقالە» («كالام ئەزائۇل ھايۋان»)، «ئادەم ئورگانىزمى ھەققىدە ماقالە» («كالام ئەزائۇل ئىنسان»)، «مۇزىكا ھەققىدە چوڭ كىتاب»، («كىتابۇل مۇسقۇل

كەبىر»)، «مۇزىكا ھەققىدە سۆز» («كالامۇل مۇسىقى»)، «رىتىملارنى تۈرگە ئايرىش ھەققىدە كىتاب» («كىتابۇل ئىھسال ئەيقە») قاتارلىق تەبىئەت ئىلمىگە ئائىت كىتابلار؛ «ھەرپلەر ۋە تەلەپپۇز ھەققىدە سۆز» («كالامۇل ئەل فازەۋەلىھۇرۇف»)، «شېئىر ۋە قاپىيە ھەققىدە سۆز» (كالام لەھۇ پى شېئىر ۋە قاۋافى»)، «رىتورىكا ھەققىدە ئىخچام كىتاب» («سەدرە كىتاب خىتابە»)، «كاللىگرافىيە كىتابى» («كىتاب فىل سانائەتىل كىتابەت»)، «لۇغەت كىتابى» (كىتاب فىل لۇغاتى») قاتارلىق تىل - ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەرلەر؛ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار» («كىتاب ئارەئى ئەھلۇلھەدىنەتىل فەزىلەت»)، «شەھەر سىياسىتى ھەققىدە كىتاب» («كىتابۇل سىياسەتۇل مەدىنە»)، «بەخت كىتابى» («كىتابىيەت تەفلىسلىس سائادەت»)، «بەختكە ئېرىشىش يوللىرى ھەققىدە رىسالە» («رىسالەفىت تەبنى ئەلالە سىباسىس سائادەت»)، «پەزىلەتلىك ئادەت» («ئەسرە ئۇل فەزىلە»)، «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ھايات ھەققىدە سۆز» («كالام فىل ماگايىش ۋە ھورۇف») قاتارلىق ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

ئۇنىڭ ئىلمىي مۇنازىرىلەر خاراكتېرىدىكى ئەسەرلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر ساقلىنىپ قالغان:

«يەھيائەن نەھۋىنىڭ تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە قوللانغان ئۇسۇلىغا رەددىيە» («كىتابۇر ئەردى ئەلەيەھيەننەھۋى فىمايۇرە دۇبىمى ئەدەبۇل جەدەلى»)، «يەھيائەننەھۇنىڭ ئارىستوتېلغا قىلغان رەددىيىسىگە رەددىيە» («كىتابۇر ئەررەبددى ئەلا يەھيەننەھۋى فىما يۇر يەدۇبىھى ئەلا ئارىستوتاس»)، «گالېلىيىنىڭ ئارىستوتېلغا غەيرىي مەنە بېرىدىغان سۆزلىرىگە رەددىيە كىتابى» («كىتابۇر رەدى ئەلا چالىنۇس فىما تەۋلەمەن كالام ئارىستوتالىس غەيرۇل مەنا»)، «مېتافىزىكا مەسىلىلىرى بويىچە ئەررازىغا رەددىيە»، (كىتابۇررەدۇ ئەلا ئەررازى فى ئىلمىي ئىلاھى»)، «ئىبنى ئەر رەۋەندىنىڭ مۇنازىرە ئۇسئۇلىغا رەددىيە»، («كىتابۇررە دۇئەلا ئىبنى



www.uyghurkitap.com

راۋەندى فى ئەدە بول جەدەلى») قاتارلىقلاردىن ئىبارەت[1].

فارابى ئەينى دەۋردە يەنە تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن تېببىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە: «روھ ۋە پسىخولوگىيە ھەققىدە» («ماقالىتەيىن نەفسىي»)، «ئۆزگىرىپ تۇرغان مەۋجۇدات ھەققىدە» («ئەلمەجۇداتىل مۇتەغەييىدە»)، «چوڭ ئەقىل» («ئەل ئەقلۇل كەبىر»)، «پەسىل ۋە ھاۋا كىلىماتى ھەققىدە»، «ئادەم ئۇخلىغاندا چۈش كۆرۈش ھەققىدە»، «ھايۋان [جۈملىدىن ئىنسان] ئەزالىرى ھەققىدە» («كالام فى بايانى ئەئىزائىل ھايۋان»)، «ساراڭلىق كېسەللىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە» («كىتابۇل جۇنۇن»)، «ھېس قىلىش ۋە ئىدراك قىلىش ھەققىدە» («كىتابۇل ھېس ۋە ئىدراك»)، «ئادەم نېمە ئۈچۈن خاتالىشىدۇ»... قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت[2].

فارابى ئەسەرلىرىنىڭ زور تارىخىي قىممىتى شۇ ئىدىكى، فارابىي ئارستوتېل قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھىي ئەسەرلىرىدە، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىلمىي پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىغا تەتبىق قىلىپ، شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق مۇنەۋۋەر ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پەلسەپىۋى جەھەتتىن يەكۈنلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى سىستېمىسى ئىسلامىيەت شەرقىدە تەبىئەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يېڭى يول ئاچتى.

---

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، 53 — 55 - بەتلەر.

[2] ھاجى ئابدۇلھەمىت يۇسۇفى: «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى دەرسلىكى». شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 1988- يىل نەشرى.

فارابىنىڭ مۇستەقىل ئىجاد قىلغان يۇقىرىقىدەك ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم ـ پەننىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. مەيلى مۇزىكىغا دائىر ئەسەرلىرى بولسۇن، مەيلى پەلسەپەگە ئائىت ئەسەرلىرى بولسۇن، مەيلى ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلىرى بولسۇن ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى ھەققىدە ھەربىر بىر تۈردىكى ئەسەرلەر ئۈچۈن نەچچە ئونلىغان تەتقىقات كىتابىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش مۇمكىن.

فارابى ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىدە ئىنسانغا خاس ئىستېتىك ئېھتىياجلار توغرىسىدىمۇ ئەتراپلىق توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى ھېلىھەممۇ پەن ساھەسىدە ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ كۆزقاراشلىرى ھەققىدە» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسىرىنىڭ «ئىنسان روھىنىڭ بۆلەكلىرى ۋە ئېھتىياجلىرى» ناملىق بابىدا، ئىنساندا بولىدىغان ئالاھىدە ئىستېتىك ئېھتىياجلار ئۈستىدە توختىلىپ: «ئىنساندا ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەنلا ئوزۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنسان ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەزگۈ ئارقىلىق سېزىش ئېھتىياجلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئېھتىدار ۋۇجۇدقا كېلىدۇكى، ئۇ سېزىلىۋاتقان نەرسىگە نىسبەتەن ئىنساننى ياكى جەلپ قىلىدۇ ياكى يىراقلاشتۇرۇپ، ئىنساندا مايىللىق ياكى نەپرەت، قىزىقىش ياكى يىرگىنىش تۇغدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئېھتىدار پەيدا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ياردىمىدىن ئىنسان ئىلگىرى سېزىۋالغان ۋە ھازىر ئۆز پائالىيىتىدىن تاشقىرىدا بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ خاتىرە ئېھتىداردۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن زاھىر بولۇپ تۇرغان سەزگۈلەر ئۆز

ئىزىدىن غايىب بولىدۇ. مانا بۇ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىدۇر... ئەگ ئاخىرىدا ئىنساندا تەپەككۇر ئىقتىدارى يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنسان ئۆز ئوبيېكتلىرىغا نىسبەتەن ئەقلىي چۈشەنچىگە ئېرىشىپ، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى پەرقلەندۈرۈپ، سەنئەت ۋە پەن توغرىسىدىكى بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ»[1] دەپ بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: فارابىي ئىنساندا بولىدىغان ئېستېتىك ئىقتىدارلارنى ئاساسلىقى سەزگۈ ئارقىلىق سېزىش ئىقتىدارى، خاتىرە قالدۇرۇش ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى قاتارلىق تۆرلەرگە بۆلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ھەرقانداق سەنئەت تەقلىد قىلىنىش ئارقىلىق ئاندىن ئۆز كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. مەيلى قانداق خىلدىكى سەنئەت ئەسىرى بولسۇن ھەممىسى ئۆزىگە ئوخشىغان ياكى مەلۇم دەرىجىدە پەرقى بولغان يەنە بىر سەنئەت ئەسىرىنىڭ تەقلىد كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت، خالاس.

تەقلىد نەزەرىيىسى قەدىمكى زاماننىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ سەنئەتنى سەنئەتچىنىڭ رېئال ھادىسىلەرگە تەقلىد قىلىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دېگەن ساددا رېئالىستىك كۆزقاراشقا ۋەكىللىك قىلاتتى. دېموكرىت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 460 ـ 370 ـ يىللار) بولۇپمۇ ئارستوتېل «سەنئەتنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ۋە كۈچى تەقلىد قىلىش» دەپ ئىزاھلاشقان ئىدى.

فارابى ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدە يازغان بىر قاتار ئەسەرلىرىدە تەقلىد قىلىش ھەققىدە توختىلىپ، ماتېرىيالىستىك تېندېنسىيىدىكى تەقلىد نەزەرىيىسىنى بايان قىلدى.

فارابى «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق رىسالىسىدە تەقلىدمۇ ياكى شەكىللۋازلىقمۇ دېگەن تەلەپپۇزدا ئۆز مۇھاكىمىسىنى باشلايدۇ. ئۇ

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىل 3 ـ سان، 37 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

«بىز شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بولغان كۆپچىلىك خەلقلەرگە قارىغاندا ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتتە بېيىت، قاپىيەلەرگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز... بېيىتلاردىكى سۆزلەردىن چۈشىنىدىغان مەنىلەر شۇ سۆزدە ئىپادىلىنىۋاتقان نەرسە ۋە ھادىسىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇشى لازىم» دەيدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «كۆپچىلىك شائىرلارنىڭ چۈشەنچىسىچە، سۆزلەر مەلۇم تەرتىپتىكى بۆلەكلەرگە، ئۇلار مۇئەييەن تەڭداش ۋەزىنلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم دېيىلىدۇ. ئۇلار بۇ شېئىرلار بىرەر نەرسىگە تەقلىد قىلىپ توقۇلغانمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلىگە ئېتىبار قىلىشمايدۇ»، «شېئىر بىرەر نەرسىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەردىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىدۇ[1].

فارابى تەقلىد قىلىشنى ھەممە سەنئەت ژانىرلىرى ئۈچۈن ئورتاق خۇسۇسىيەت سۈپىتىدە ئىزاھلىغان. ئۇ «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە: «بىز يەنە شۇنداق دەيمىز: بۇ سەنئەت ئەھلى بىلەن (ئۆيگە) نەقىش بەرگۈچى رەسسام سەنئىتى ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر مۇناسىۋەت بار. بۇلار ئىككىلىسىنىڭ سەنئىتىدىكى مۇددىئاسى تۈرلۈك ـ تۈمەن بولسىمۇ، ئەمما شەكلىدە، يارىتىلىش ۋە مەقسەتلىرىدە بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدۇ، ياكى ئېيتايلۇق، ئاشۇ ئىككىلا يارىتىلغان نەرسىدە ئۇلارنىڭ شەكىللىرىدە ۋە مەقسەتلىرىدە بىر ـ بىرىگە مۇۋازىنەت ئوخشاشلىقى بار. بۇ شۇنداقكى، شېئىر سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسىلەر سۆز ـ مۇلاھىزىلەر بولسا، رەسساملار سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسە بوياقلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر بار. ئەمما ئىككىلىسى، ئادەملەر تەسەۋۋۇرى ۋە سەزگۈلىرىدە بىر مەقسەتكە تەقلىد قىلىشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ»[2] دەپ يازىدۇ. فارابى بۇ

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985- يىل 3 ـ سان، 42- بەت.

[2] فارابى: «شائىر سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983- يىل 4- سان، 49- بەت.

ئىدىيىسىنى مۇنداق سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىگەن: «ئەمەلدە مەۋجۇت بولسا، شائىر ئۇنى شۇ ۋاقىتتا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ خۇددى ھەيكەلتىراش ئۇنى ئۆز ھەيكەلتىراشلىقى بىلەن، ھايۋانات تەقلىدچىسى ئۇنى ئۆز ھەرىكىتى بىلەن، شاھماتچى جەڭ پائالىيىتىنى قايتا ئىشلەپ چىققانغا ئوخشايدۇ.»[1]

فارابى تەقلىدىيەت نەزەرىيىسى ھەققىدە بىر قاتار مۇلاھىزىلەرنى ئىلىپ بارغاندىن كېيىن، «نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىش، ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان تەقلىدنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، ئىنسانىنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىرەر نەرسىگە ئوخشايدىغان شەكىلنى ياساپ ياكى بىرسىنىڭ ئوبرازىنى ئىشلەپ، ئۇنى مۇئەييەن بىر كىشى ياكى نەرسىگە ئوخشاتماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، ئىنسانىنىڭ باشقا بىرەر كىشىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئوخشىغان ھەرىكەتتە بولۇشىدىن ئىبارەت»، «سۆز بىلەن قىلىنغان تەقلىد ئۇنىڭ شۇ سۆزدە ئىپادىلىنىۋاتقان بىرەرسىگە ئوخشىتىلغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ياكى دېيىلگەن بولۇشىدۇر.»

تەسەۋۋۇر ئادەمنىڭ بىر خىل مۇھىم ئىجادىيەت ئىقتىدارى بولۇپ، ھەرقانداق ئىنسان بىرەر ئىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال شۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كاللىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىش خاتىرە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. خاتىرە بولمىسا تەسەۋۋۇر بولمايدۇ. تەسەۋۋۇر خاتىرە تەمىن ئەتكەن ماتېرىيال ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. تەسەۋۋۇر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە خاتىرىدىكى ئوبرازنى ئۆزگەرتىپ يېڭى ئوبراز يارىتىدىغان جەرياندىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ گەرچە زور ئىجادىي خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە يەنىلا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985- يىل 3- سان، 42 ـ بەت.

ئـــالاھىدە شـــەكىلدۇر. ئـــادەم ئوبيېكـــتىپ دۇنيـــادا ھېچقـــانداق ئوبيېكتىپ ئاساسى يوق شەيئىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

فـــارابىنىڭ ئىپســـتېتىك قاراشـــلىرىدا خـــاتىرە ۋە تەســـەۋۋۇرنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدە چۈشەنچىلەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ خاتىرە بىلەن تەسەۋۋۇرنى ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىكى ئىقتىدار ۋە بىلىش ئامىلى، ئۇنى ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈشنىڭ شەرتى ۋە كۆۋرۈكى دەپ ھېسابلىغان. ئۇ «ھېكمەت مەنىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ خىل ئىچكى روھىي ئىقتىدارلار ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇلار شەيئىلەردىن ئېلىنغان ئوبرازلارنى بېلىقچىنىڭ تورىدەك تۇتۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىقتىدار ئوبرازنى ساقلاپ قالىدىغان ئىقتىدار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قۇۋۋەت مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا جايلاشقان، ھېس قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئۇنىڭدا سەزگۈ ئىقتىدارلىرىسىزمۇ ساقلانغان بولىدۇ» دەپ يازغان[1]. فارابى تەسەۋۋۇرنىڭ بىلىشتىكى ئورنى ۋە پەن، سەنئەت، رىتورىكا (ناتىقشۇناسلىق) ۋە سوفىستىكا (سەپسەتە) دىكى رولى ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە ھېسسىي بىلىش ئىقتىدارى ھېسابلانغان تەسەۋۋۇر ھەقىقەتنى بىلىش جەريانىدىكى مۇھىم بىر ئامىل. بىراق، تەسەۋۋۇرنىڭ نوقۇل ئۆزىلا ئەقلىي بىلىش سالاھىيىتىگە، ھەقىقىيلىك قىممىتىگە ئىگە ئەمەس، تەسەۋۋۇرسىز پەن، سەنئەت، رىتورىكا ئىلىملىرىنىڭ، ھەتتا ھەقىقەتنى سۈيئىستېمال قىلىدىغان سەپسەتەۋازلىقنىڭمۇ ئىش ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ «شېئىرىيەت سەنئىتى قانۇنلىرى توغرىسىدىكى رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە سوفىست بىلەن سەنئەتچىنىڭ (تەقلىدچىنىڭ) پەرقى ئۈستىدە مۇنداق دەيدۇ: «سوفىست بىلەن تەقلىدچىنىڭ مەقسىتى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. سوفىست ئاڭلىغۇچىلارنى غەپلەتكە ئۈندەپ، ھەقىقەتكە

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985- يىل 3- سان، 37 بەت.

توغرا كەلمەيدىغان نۇقسانلىق نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. ئۇ ھەتتا يوقنى بار، بارنى يوق دەپ تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. ئەمما تەقلىدچى شەيئىلەر تەسەۋۋۇرنىڭ ئەكسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەسەۋۋۇرنى شەكىللەندۈرىدۇ». فارابى بۇ يەردە يېڭى پلاتونىزم، ئىسلام كالامىزمى بىلەن خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىرى تەرغىب قىلغان «ھېس - تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئادىشىش ۋە گۇناھنىڭ يىلتىزى» دېگەن ئەقىدىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە رېئاللىقنىڭ سەنئەتنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھامىيلىق قىلىدۇ. ئۇ «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىسپاتلاشتا ئىلىم، تۇپىكىدا (مۇنازىرە سەنئىتىدە) ئىككىلەندۈرۈش، رىتورىكىدا (ناتىقشۇناسلىقتا) ئىشەندۈرۈش قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بولسا، شېئىرىيەتتە تەسەۋۋۇر شۇنداق زۆرۈر بولىدۇ» دەيدۇ[1] ۋە تەسەۋۋۇر مەسىلىسىنى ئوبراز مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى پەقەت ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەنلا تەسەۋۋۇر خىياللىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبراز بولماي تۇرۇپ تەسەۋۋۇرنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

فارابى تەسەۋۋۇرنى بىۋاسىتە تەسەۋۋۇر، ۋاسىتىلىك تەسەۋۋۇر، تەقلىدىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر، ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر دېگەن تۈرلەرگە ئاجرىتىدۇ ھەمدە «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە ئالدىنقى ئىككى تەسەۋۋۇر ئۈستىدە: «ھەربىر نەرسە بىرەر نەرسىگە بىۋاسىتە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ ياكى بولمىسا بىر ياكى ئىككى نەرسىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇ ئوخشىتىلغان نەرسىگە بىلدۈرۈلگەن مۇلاھىزىگە كۆرە شۇنداق بولىدۇ» دېسە، كېيىنكى ئىككى تەسەۋۋۇر ھەققىدە توختىلىپ: تەقلىدىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرنى

[1] يۇقىرىقى ژۇرنالغا قاراڭ.

«شەيئىلەرنى شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدە تەسەۋۋۇر قىلىش» دەپ، ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرنى بولسا «بىر خىل شەيئىلەرنى باشقا بىر خىل شەيئىدە تەسەۋۋۇر قىلىش» دەپ كۆرسەتتىدۇ.

فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى سىستېمىسىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل، غايىۋى كەلگۈسى ۋە ئەتراپلىق كامالەتكە ئېرىشىشى توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي كۆزقاراشلىرىدا ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن بولۇپ، گۈزەللىك ھەققىدە ئىزدىنىشى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرقاتار ئەسەرلىرىدە جۈملىدىن «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە ئىنساندا ئىپادىلىنىدىغان گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى بولغان ياخشىلىق ئۈستىدە كۆپلىگەن مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، پەزىلەتلىك ئەھلى بولۇش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

فارابى: «ئادەمنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، بۇلار: ياخشىلىق، مەنپەئەتدارلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت»، «بارلىق ئىلىم - پەننىڭ مەقسىتىمۇ ياكى گۈزەللىك ياكى مەنپەئەتدارلىقتۇر. دېمەك، ئىلىم - پەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى گۈزەللىككە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان، يەنە بىرى پايدىغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. پەقەتلا گۈزەللىككە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان ئىلىم — پەلسەپە مۇتلەق مەنىدىن ئېيتقاندا، ھېكمەت (دانالىق) دەپ ئاتىلىدۇ. پايدىغان ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان ئىلىملەرنى مۇتلەق مەنىدە دانالىق دەپ ئاتىغۇدەك ھېچ نەرسە يوق» دەپ يازغان.[1] فارابى ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ماددىي مەنپەئەت مەقسەتدارلىقىدىن ئايرىپ تىلغا ئالغان.

چىنلىق، ياخشىلىقلارنىڭ مۇجەسسىمى بولغان گۈزەللىك

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985- يىل 3 - سان.

ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. گۈزەللىكتىن مۇستەسنا بىرەر ئىنسان ۋە ياكى جەمئىيەت ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. فارابى گۈزەللىكنى بەخت ـ سائادەتنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى دەپ قاراپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت گۈزەللىك بىزگە مەنسۇپ بولغان كۈندىلا، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيمىز. ۋەھالەنكى، گۈزەللىك پەقەت پەلسەپە ئىلمىنىڭ شاراپىتىدىنلا بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ، بۇنىڭدىن مۇقەررەر يوسۇندا، بىز پەقەت پەلسەپە تۈپەيلىدىنلا بەختكە ئېرىشەلەيمىز دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ»، «گۈزەللىك ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ئاتاپ ئېيتقاندا، ئۇ ھەم بىلىم ۋە ھەم بىلەن بىلەن پائالىيەت بولغانلىقتىن، پەلسەپە سەنئىتىمۇ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ بىرى ئارقىلىق دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ۋە ئىنسان پائالىيەتلىرىگە باغلىق بولمىغان جىسىملار توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە بولىمىز. بۇ نەزەرىيىلىك پەلسەپە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىككىنچىسى ئارقىلىق ئىنسان پائالىيەتلىرىگە باغلىنىدىغان جىسىملار توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە بولىمىز. گۈزەللىكنى يارىتىش قابىلىيىتى دەل مۇشۇ ئىككىنچى قىسىمغا كىرىدۇ. بۇ ئەمەلىي ۋە جامائەتچىلىك پەلسەپەسى دەپ ئاتىلىدۇ.»[1]

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فارابىنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە گۈزەللىككە يېتىش جەھەتتىكى يوللىرى باشقا ھەرقانداق ئېستېتىكىنىڭ قارىشىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكنى پەلسەپە ئىلمى بىلەن بىرىكتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشى ۋە پەلسەپىنى ئىككى تۈرگە بۆلۈپ، نەزەرىيىلىك پەلسەپە بىلەن جامائەتچىلىك پەلسەپەسىگە ئايرىپ چىقىشى ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپە ئىلمي نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم ئەھمىيەتكە

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985- يىل 3 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

ئىگە ئىدى.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئەمما ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي ئولتۇرۇشاتتى. مەن دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئېيتسام، ئۇلار دەرسنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ خىل تەلىپىنى ئەلۋەتتە ئورۇنلاش زۆرۈر ئىدى. چۈنكى مېنىڭمۇ دەرسنى ئۈزۈپ قويغۇم، فارابى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى توختىتىپ قويغۇم يوق ئىدى. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە دەرسنى داۋاملاشتۇردۇم.

— ساۋاقداشلار، فارابى شېئىرىيەت ھەققىدىمۇ ئەسەر يازغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى يازغان ئەسەرلىرىدە جۈملىدىن «شېئىرىيەت قانۇنلىرى ھەققىدە رىسالە»، «شېئىرىيەت ئىلمى توغرىسىدا كىتاب»، «ئارستوتېل رىتورىكىسىغا شەرھىي كىتاب» ۋە «ئارستوتېل شېئىرىيەت ئىلمىي كىتابىغا شەرھىي كىتاب»... قاتارلىق ئەسەرلىرىدە شېئىرىيەت ئىلمى توغرىسىدا كۆپلىگەن مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ باردۇ. ئۇ شېئىرىيەتنى ئىش - ھەرىكەتكە تەقلىد قىلىدۇ. ئۇ شېئىردا شېئىرىي پىكىر، ھېسسىيات بولۇشى، خەلق تۇرمۇشى مۇكەممەل سىمۋوللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك. شېئىر مەدھىيىلەش ياكى ئەيىبلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شېئىرىي سەنئەتنىڭ مەقسىتى كونكرېت مەنپەئەتدارلىق دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى شائىرلارنى تەبىئەتكە تەقلىد قىلىشقا ھەۋەس قىلغۇچى شائىرلار، سەنئەتنى چۈشىنىپ ئىجادىي تەقلىد قىلغۇچى شائىرلار ۋە تالانتلىق ئىجادىي تەقلىد قىلغۇچى شائىرلار دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىغان. ئوخشاش بىر نەرسىنى شائىرلار تىل بىلەن، رەسساملار بوياق بىلەن، مۇزىكانتلار ئاۋاز بىلەن تەقلىدىي ئىپادە قىلالايدۇ دەپ قارىغان[1].

---

[1] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984- يىل 3 - سان.

فارابى شېئىرىي ئەسەرلەرنى تۈرگە بۆلۈش مەسىلىسىدە يا ۋەزىنلەرگە قاراپ تۈرگە بۆلۈش ياكى بولمىسا مەنىلەرگە قاراپ تۈرگە بۆلۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە ھەر مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «شېئىرىي ئەسەرلەرنى ۋەزىنلەرگە قاراپ تۈرگە بۆلۈش مۇزىكانت ۋە ئارۇزچىلارغا تېگىشلىكتۇر». «ئەمما، شېئىرنىڭ مەنىسىگە قاراپ ئىلمىي جەھەتتىن نەۋلەرگە تەقسىم قىلىنىشقا كەلسەك، بۇ ھەربىر خەلق ۋە تائىپىدىكى رەمزىلەر (ئىما، ئىشارەت ياكى كېلىشىۋېلىپ ئىشلىتىدىغان يوشۇرۇن بەلگە) نى بىلگۈچى ۋە شېئىرلارنى شەرھلىگۈچىسىگە، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى نازارەت قىلغۇچى ۋە شۇلارغا قاراپ ئۇلاردىن مەلۇم خۇلاسىلەرنى چىقارغۇچىسىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ»[1] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەم ئىلگىرى ۋە ھازىر ئۆتكەن شائىرلارنىڭ شېئىرىيەتتە مەۋجۇت بولغان تۈرلەرنىڭ ھەربىر بىرىگە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ مەخسۇس ۋەزىن بەلگىلەپ چىقمىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ، شېئىر تۈرلىرىنىڭ ھەربىرىگە ۋەزىن بەلگىلەپ چىقىشنىڭ پەقەت يۇنان شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمدى بىز ساڭا ئېيتساق، يۇنان شېئىرىيىتى مەن تۆۋەندە ساناپ ئۆتىدىغان نەۋ[2] لەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار شۇلاردىن ئىبارەت: تراگېدىيە (تىراغۇزىيە)، دىفىرامبى (دىسرامبى)، كومېدىيە (قومۇزىيە)، يۇمبى (ئىيومبۇ)، دراما (دىراماتو)، ئەينى، دئاگراما، (دىاقىراما)، ساتىرا (سوتورا)، پوئېما،

---

[1] فارابى: «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983- يىل 4 - سان.
[2] مەتىندە: «نەۋ» (تۈر). كۆپلىكى «ئەنۋا» (تۈرلەر) كەلگەن. لېكىن فارابى «نەۋ» (تۈر) ئاتالغۇسىنى كۆپرەك ھازىرقى ئىستېمالىمىزدا ئىشلىتىدىغان «ژانىر» سۆزى ئورنىغا ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىياتتا قىلغان كلاسسىفىكاتسىيە (تۈركۈملەرگە بۆلۈش) سىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. لېكىن ژانىرنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى مەنىسى بىلەن ھازىرقىسىنىڭ پەرقى تامامەن باشقىچە بولۇپ، «ۋەزىن» مۇ ژانىر مەنىسىدە كەلگەن.

ئېپوس، رىتورىكا (رىتورىي)، ئەفىزونو سوئۇس ۋە ئاكوستىكا.

ئەمما تراگېدىيىگە كەلسەك، ئۇ شېئىرنىڭ مەلۇم بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ياكى ئۆزى ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇغان كىشى ھۇزۇرلىنىدۇ. تراگېدىيىلەردە باشقىلارغا مىسال (ئۆرنەك) بولالايدىغان ياخشىلىقلار ۋە ماختىلىدىغان پېئىل - خاراكتېرلار تىلغا ئېلىنىدۇ؛ بۇ ۋەزىندە شەھەرنى باشقۇرغۇچى ھۆكۈمدارلار مەدھىيىلىنىدۇ. مۇزىكىچىلار پادىشاھلار ئالدىدا شۇ تراگېدىيە ۋەزنىدە كۈيلىشىدۇ. مۇبادا بىرەر پادىشاھ ئۆلۈپ قالغۇدەك بولسا، تراگېدىيە قىسىم - بۆلەكلىرىگە باشقا قوشۇمچە نەغمىلەر قوشۇپ، ئاشۇ ئۆلگەن پادىشاھقا ئاتاپ نەۋھە (نەۋھە — ئۈن تارتىپ يىغلىماق، نالە قىلماق) - مەرسىيىلەر ئوقۇشقان.

ئەمما، دىفىرامبىغا كەلسەك، ئۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزنى تراگېدىيە ۋەزنىدىن ئىككى باراۋەر چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدا ياخشىلىق، ماختىلىدىغان بارلىق خۇلق - مىجەزلەر، ئىنسانىي پەزىلەتلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. دىفىرامبىدا مەلۇم بىر پادىشاھ ياكى كىشىنى مەدھىيىلەش مەقسەت قىلىنمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىكى ئومۇمىي ياخشىلىقلار زىكىر قىلىنىدۇ.

ئەمما، كومېدىيىگە كەلسەك، بۇ شېئىرىيەتنىڭ مەلۇم بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەلۇم ۋەزىن بولىدۇ. ئۇنىڭدا يامان خۇلق - مىجەزلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. ئادەملەر ئەخلاقلىرىدا قارىلىنىدىغان ۋە خۇش كۆرۈلمىگەن تەبىئەتلەر ھەجۋىي قىلىنىدۇ. كۆپىنچە ئۇنىڭ بۆلەكلىرىگە ئاھاڭ - نەغمىلەر قوشۇلۇپ، ئۇلاردىمۇ قارىلىنىدىغان خۇلق - مىجەزلەر ئەسلىنىدۇ. بۇ ئەسلەنگەن خۇلق - مىجەزلەردە ئىنسان، ھايۋان ۋە ئىككىسىگە ئالاقىدار بولغان خۇنۇك شەكىل - تىمساللار (ئوخشاشلىق) ئىشتىراك قىلىنىدۇ.

ئەمما، يامبى ھەم شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەلۇم ۋەزنى بولىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ مەشھۇر مۇلاھىزىلەر ئەسلىنىدۇ. ئەمما كۈيلىنىدىغان نەرسىلەر خۇش پېئىل بولۇشى

ياكى بەتىپىئىل بولۇشى مۇمكىن، بۇ بەربىر. لېكىن شۇ بىر تەرىپى باركى، بۇ مىسالى بىر رەزىبۇل مەسەل ـ ماقالىلەردەك مەشھۇر بولۇشى شەرت. شېئىرىيەتنىڭ بۇ نەۋى تارتىشىش، ئۇرۇش ـ جاڭجال، غەزەپ ۋە غىجىتغان پەيتلەردە ئوقۇلىدىغان شېئىرلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئەمما، درامىغا كەلسەك، ئۇمۇ خۇددى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەنگە ئوخشاش، شېئىر تۈرلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ: پەقەت بۇنىڭدا مەلۇم كىشىلەر ۋە مەلۇم شەخسلەر توغرىسىدا مەشھۇر بولغان مەسەل ۋە نەقىللەر تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئەمما، «ئەينى» گە كەلسەك، بۇمۇ شېئىرىيەتنىڭ نەۋلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىنى خۇرسەن قىلىدىغان مۇلاھىزىلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداق تەرىپىمۇ باركى، بۇلار ياكى ماھارەتنىڭ زورلىقىدىن ياكى غايەت گۈزەل يېزىلغانلىقىدىن ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ.

ئەمما، دىئاگرامىغا كەلسەك، بۇمۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، بۇنى قانۇنشۇناسلار ئىنسان خۇلقىنى تۈزىتىش ھەمدە تەربىيىلەش مۇشكۈل بولغان تەقدىردە ئۇنىڭغا شېئىر يېزىپ، كىمكى قانۇن ـ قائىدىگە رىئايە قىلماس ئىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ دەپ قورقۇتۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

ئەمما ئېپىكا ۋە رىتورىكىغا كەلسەك، بۇمۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىلگىرى ئۆتكەن سىياسىي ۋە قانۇنىي تەرتىپ ـ قائىدىلەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ بۇ نەۋىدە پادىشاھلارنىڭ خۇلق ـ ئېتىبارى، ئۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر، ئۇنىڭ دەۋرى ۋە ئۇنىڭ باغلىق بولغان ۋەقەلەر تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئەمما، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ساتىرامۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزنى بولىدۇ. بۇ نەۋدىكى شېئىرلارنى مۇزىكىچى ئالىملار ياراتقان. ئۇلار ئۆز كۈيلىرى بىلەن

تۆت ئاياغلىق هايۋان، ئومۇمەن ئالغاندا، جىمىكى هايۋان زاتلىرىنى هەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭغا بۇ هايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي هەرىكەتلىرىدىن بىر ئاز چەتكە چىققان بولۇپ (مەلۇم قىلىقلارنى قىلىش بىلەن) ئادەملەرنى ئەجەبلەندۈرىدۇ.

ئەمما، فىيۇموتۇ (پوئېما)غا كەلسەك، بۇ شېئىرىيەتنىڭ بىر نەۋى بولۇپ، بۇنىڭدا (باشقا نەۋلەرگە ئوخشىمىغان هالدا) ياخشى - يامان، تۈز ۋە ئەگرى هەرخىل سۈپەتلەر كۆيلىنىدۇ، تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى هەربىر شېئىر نەۋلىرىدە گۈزەل ۋە ياخشى، قەبىھ ۋە رەزىل ئىشلاردىن ئىبارەت بولغان ۋەقەلەر ئىپادىلىنىدۇ.

ئەمما ئەفىزونوسوئۇنوسقا كەلسەك، بۇمۇ شېئىرىيەتتىكى نەۋلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇنى تەبىئەتشۇناسلار ياراتقان. ئۇلار بۇنىڭدىن تەبىئىي ئىلىملەرنى ماختىغان (سۈپەتلىگەن). شېئىر[1] سەنئىتىدە ئەڭ ئۇزاق تارىخلىق سانالغان نەۋ شۇ شېئىر نەۋى هېسابلىنىدۇ.

ئەمما، ئاكوستىكىغا كەلسەك، بۇمۇ شېئىر تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ نەۋ ئارقىلىق مۇزىكا سەنئىتى ئۆگىتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى شېئىر پەقەت شۇنىڭغىلا خاس، خالاس. باشقا باب - ئورۇنلاردا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلمايدۇ». بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايانكى، فارابى شېئىرىيەت هەققىدىكى ئەسەرلىرىدە باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىلغار كۆزقاراشلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق جەهەتلەردىمۇ تېگىشلىك تۆهپىلەرنى قوشقان.

فارابى ئۆزىنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىدا شېئىرىيەت ئىلمىنى تىل ئىلىملىرى تۈركۈمىنىڭ 7 - قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... تىل بىلىمىگە يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە شۇنىڭدىن كېيىن شېئىرىيەت

---

[1] فارابى: «شائىرلار سەنئىتى قانۇنلىرى هەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1983- يىل 4- سان.

(پوئېتىكا) تۇردۇ. ئۇ ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولغان شېئىر ۋەزنلىرى»، «ئىككىنچى قىسمى، ھەرقانداق ۋەزىندىكى شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيىدارلىقى» ۋە ئۇلارنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى، «ئۈچىنچى قىسمى، شېئىرىيەتتە قانداق نەسرىي سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىق ۋە قانداق سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ». فارابىنىڭ قارىشىچە، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەينى زاماندا تىل سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان شېئىرىيەت ئىلمى ۋەزىن بەھرلىرى، قاپىيە شەكىللىرى ۋە شېئىرىي تىل گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەتقىق قىلىناتتى.

ھەممىگە مەلۇم، شېئىر ئىجادىيىتىدە ۋەزىن ئۆلچىمىگە دىققەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. مۇبادا ئۇنىڭغا دىققەت قىلىنماي، سۆز تاللىماي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىلىدىكەن، ئۇ شېئىر ھەقىقىي مەنىسى بىلەن شېئىر بولالمايدۇ. فارابى شېئىرىي ۋەزىن مەسىلىسىنى شېئىرىيەت سەنئىتىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى دەپ قاراپ، بۇ ھەقتە بىر قاتار مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزگەن. فارابى: «قايسىبىر سەنئەتتە بولمىسۇن قانداق مۇھاكىمە قانۇن دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ تىلغا ئېلىنغان سەنئەتنىڭ ھەممە تەرىپى ئۈچۈن خۇددى قانۇن دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىنغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكىلەر مىقدارى، سۈپەت ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتالىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم قىلغان بارلىق قۇراللارنى قانۇن دەپ ئاتاشقان». شېئىرىيەتتە رىئايە قىلىنىدىغان «قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر». «ۋەھالەنكى بۇ قانۇن - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش شېئىرىيەتنى ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشتۇرۇشكە سەۋەب بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ.

---

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ھەققىدە».

www.uyghurkitap.com

فارابى «شېئىر كىتابى» ناملىق ئەسىرىدە، شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ۋەزىن مەسىلىسىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك كۆپلىگەن تەرەپلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن: «شېئىرنىڭ ھەربىر ۋەزنىدە قوللىنىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرى تەرتىپىنىڭ مۇئەييەن چېگراسى بولىدۇ. شېئىر بېيىتلىرىنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىن ۋەزىن تەرتىپى بىلەن باشقا قىسمىدىكى تەرتىپ ئاھاڭداش بولۇشى كېرەك... ھەربىر ۋەزنىدە ئىشلىتىلىدىغان بېيىت سۆزلىرىنىڭمۇ مەلۇم بىر تەرتىپى، چېگراسى بار. مۇنداق بېيىت سۆزلىرىنىڭ ئاخىرلىرىمۇ چەكلەنگەن (بۇنىڭدا فارابى شېئىر مىسرالىرىدا تۇراقنىڭ ئارتىپ كەتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتتۇۋاتقان بولسا كېرەك ـ ئا) يا تاۋۇشلار خۇددى ئۆزىدىكىدەك ياكى ئۇنى تەلەپپۇز قىلغاندا باراۋەر كېلىدىغان سۆزلەر بولۇشى كېرەك[1].

بېيىتلاردىكى سۆزلەرمۇ گەپ نېمە ھەققىدە كېتىۋاتقان بولسا، شۇنىڭغا ئوخشىتىش تەرىزىدە ئىپادىلىنىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە بېيىتلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاھاڭداش بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ... ئەگەر شېئىرنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئاھاڭ باغلانماي قالغان بولسا، ئۇ ھالدا ۋەزىن بۇزۇلىدۇ... بۇنىڭدا ئەگەر شېئىرغا كۈي باغلانسا، ئاھاڭ، ۋەزىن، رىتىم شېئىر ۋەزنىگە قارىمۇ قارشى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈيگە سېلىنغان سۆز، يەنى شېئىرنىڭ ۋەزنى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمدەكىم سۆزگە نەغمە ـ كۈي باغلايدىكەن، شېئىرنىڭ بەزىبىر سۆزلىرىدە يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش ۋەزىن بۇزۇلۇشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك... ئەگەردە، سۆزلەر بىرەر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىدتىن تەشكىل تاپقان بولسا، لېكىن ئۇلار بىرەر ئاھاڭ ياكى

---

[1] بۇ يەردە فارابى شېئىرلارنىڭ ئاخىرى بىرىنچى مىسرادا قانداق كەلگەن بولسا، ئىككىنچىسىدىمۇ شۇنداق كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتماقچى. بۇنىڭ بىلەن فارابى قاپىيىداش سۆزلەرنى نەزەردە تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك. چۈنكى بۇنداق ھاللاردا مىسرا ئاخىرىدىكى ھەرپلەر، تاۋۇشلار دائىما بىرخىل كېلىدۇ. بۇنىڭدا بولۇپمۇ ئاخىرقى بوغۇملار شۇنداق بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردىن ئالدىنقى بوغۇملار ئاھاڭدار ھەرپ ياكى سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

ۋەزىنگە چۈشۈرۈلگەن بولمىسا، ئۇنداق تىزما سۆزلەر شېئىر ھېسابلانمايدۇ، بەلكى بۇنداقلار شېئىرىي سۆز ـ مۇلاھىزە دەپ يوروتۇلىدۇ، خالاس. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەگەر بۇ ئېيتىلغان «شېئىرىي سۆزلەر» مەلۇم ۋەزىنگە چۈشۈرۈلۈپ، شېئىرىي بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەندىلا، ئاندىن ئېيتىلغان سۆزلەر شېئىر بولالايدۇ»[1].

تىل ھەرقانداق ئىجادىيەت تۇرىدىمۇ بولمىسۇن ھامان يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان ۋە بولۇۋاتقان ھەرقانداق بىر ھەۋەسكار چوقۇم شېئىرىي تىل سەنئىتىنى پىششىق ئىگىلىشى كېرەك. تىل بىلىمىنى كۆپەيتمەي تۇرۇپ، بۇ ساھەگە ئىشتىراك قىلىش گۆدەكلىكتىن ئىبارەت، خالاس.

فارابى شېئىرىي تىل مەسىلىسىدە ئالاھىدە توختىلىپ، شېئىرىيەت تىلىنىڭ ناتىقشۇناسلىق تىلىدىن پەرقلىنىشىنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئەينى زاماندىكى تەقلىدسىز، ئوبرازسىز ۋە يەڭگىل سۆزلەر بىلەن شېئىر يېزىشقىمۇ، شۇنىڭدەك شېئىرىي ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ھەتتا ئۇلارنى شالغۇتلاشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ ئېتىراز بىلدۈرگەن. بۇ ئەينى زامان بەدىئىي ھاياتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئىدى. فارابىنىڭ كۆرسىتىشىچە: «خىتابە ـ ناتىقشۇناسلىقتىمۇ تەقلىدىي ۋاسىتىلەر قوللىنىلىدۇ... ناتىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەسلىي شېئىرىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى بولىدۇ» ئەمما ئۇلار ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە تولىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جامائەتچىلىككە تەسىرى تولىمۇ مۇبالىغىلىق، ئالدى ـ قاچتى گەپ تەسىرى پەيدا قىلىدۇ. بۇ مەزمۇنلار ئەگەر شېئىرىي يوسۇندا، باشقىچە ئېيتقاندا، يېپيىق ھالەتتە ئوبرازلاشتۇرۇلسا، ئۇ

[1] فارابى: «شېئىر كىتابى». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 ـ يىل 2 ـ سان.

www.uyghurkitap.com

جامائەتچىلىك ئارىسىدا شېئىرىي ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. فارابى شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە خىتابىي ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىبارە ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىنى «شائىرنىڭ شېئىرىي يولدىن چېكىنىپ چىقىپ خىتابىي يولغا مايىل بولغانلىقى»[1] دەپ خاراكتېرلەيدۇ.

فارابى قاپىيە مەسىلىسىنى شېئىرىيەتتىكى مۇھىم گۈزەللىك كاتېگورىيىسى تەرىزىدە تىلغا ئالغان. ئۇ: «شېئىرىي سۆز ـ جۈملىلەردە يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئېتىبارغا ئېلىنىش بىلەن بىللە شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرىنىڭ باراۋەر تۈگەللىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ياكى بىر خىل تاۋۇشلۇق سۆزلەردىن ياكى بىر ۋاقىتتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىككى سۆزدىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك» [2] دەپ كۆرسىتىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، فارابى شېئىرىيەت ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدە كونا مۇقامغا تۈۋلىماستىن، يېڭى پىكىر، يېڭى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىياتنىڭ «سۈت ئانىسى» بولغان شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن جەۋلان قىلىشى ۋە خەلقنىڭ ھالىغا ھال، دەردىگە دەرد، مۇڭىغا مۇڭ بولالايدىغان بىر تۈركۈم شېئىرلارنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ئىجادچىسى بولغان شائىرلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

مەن فارابىنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدىن چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارغا:

ـــ بىز يۇقىرىدا ئەبۇناسىر فارابىنىڭ دۇنيا ئىلىم ـ پەن خەزىنىسىگە قوشقان بىر قاتار تۆھپىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. نۆۋەتتە، ئەمدى ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى يىرىك تۆھپىلىرىدىن بىرى بولغان لوگىكا تەلىماتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز، ـــ دېدىم ۋە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

[1] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ھەققىدە».
[2] ئا. مۇھەممەتئىمىن: «فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ھەققىدە».

زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، فارابى ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى كىچىكىپ تونۇشتۇرۇلدى. يەنە كېلىپ ئۇنى تونۇشتۇرۇش ئىشى پەقەت ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىلەن باشلىنىپ ھەم داۋاملىشىپ كەلگەن بولغاچقا، فارابىنىڭ تولۇق ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتا يەنىلا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ فارابىنىڭ چەت ئەل تىللىرىغا نەشىر قىلىنغان ئەسەرلىرىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە توپلاپ، ئۆز خەلقىگە تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى — فارابى لوگىكا تەلىماتلىرىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش بولدى. ئۇ چوڭ ھەجىملىك «فارابى ۋە ئۇنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتلىرى»، «فارابى لوگىكا پەنلىرى توغرىسىدا» قاتارلىق خاس ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىپ، فارابىنىڭ مۇستەقىل لوگىكا تەلىماتلىرىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى.

فارابى لوگىكا تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان شەخس بولۇپ، دۇنيا فارابىشۇناسلىرى كۆپ يىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ لوگىكا جەھەتتىكى تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە. ئامېرىكىلىق فارابىشۇناس ن. رېشېر ئۆزىنىڭ «فارابىنىڭ ئارستوتېل بىرىنچى ئانالىستىكىسى ئۈستىدىكى شەرھىي كىتابى» ناملىق ئەسىرىدە، فارابىنى «ئارستوتېلدىن كېيىن لوگىكا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ نامايەندە»، «دەۋر بۆلگۈچ شەخس»، «ئەرەب يېزىقىدىكى ئالىملار ئارىسىدا لوگىكىنى تەتقىق قىلغان تۇنجى مۇتەخەسسىس» دەپ كۆرسەتكەن.

فارابىنىڭ لوگىكا ئىلمى جەھەتتىكى مۇھىم تۆھپىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچىدىن، فارابى ئارستوتېل لوگىكىسىنىڭ نوپۇزىنى تىكلىدى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى.

فارابى ئارستوتېل لوگىكا تەلىماتىنىڭ ئىزچىل ۋارىسى ۋە

ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرغۇچىسى سۈپىتىدە زور شۆھرەت قازاندى. ئارىستوتېلنىڭ لوگىكا سىستېمىسى ھېسابلانغان «ئورگانۇن» توپلىمىدىكى سەككىز پارچە ئەسەر: «كاتېگورىيە» (كىتابۇل مەقۇلات)، «بارىمىناس» (كىتابۇل ئىبارە)، «بىرىنچى ئانالىتىكا» (كىتابۇل قىياس)، «ئىككىنچى ئانالىتىكا» (كىتابۇل بۇرھان)، «توپىكا» (كىتابۇل مەۋازى ياكى كىتابۇل توبىقا)، «رىتورىكا» (كىتابۇل خىتابەت)، «سوفىستىكا» (كىتابۇل سوفىستەئىيە ياكى كىتابۇل غەلەتەيىن) «پوئېتىكا» (كىتابۇل شېئىر) دىن ئىبارەت ئىدى.

فارابىنىڭ ئۆزىگە خاس «ئورگان» سىستېمىسى فارابى تەرىپىدىن «ئورگانون» نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى «كىتاب جەمئۇ كىتابۇل مەنتەقىيە» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭدا فارابىنىڭ 12 پارچە لوگىكىلىق ئەسىرى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بېرىلگەن:

1. مەنتىقىغە دائىر مۇقەددىمىلىك ماقالات؛
2. مەنتىقىلىق رىسالىلەرگە مۇقەددىمە؛
3. «ئىزاگوكا» (ئىساغۇچى) كىتابى؛
4. كاتېگورىيە ھەققىدىكى كىتاب؛
5. پەرەز ھەققىدىكى كىتاب؛
6. سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى (ئانالوگىيە) توغرىسىدىكى كىتاب؛
7. تەھلىل ھەققىدىكى كىتاب؛
8. ساختىلىق توغرىلىق كىتاب؛
9. ئىسپاتلاش ھەققىدىكى كىتاب؛
10. بەس ـ مۇنازىرە ھەققىدىكى كىتاب؛
11. ناتىقلىق سەنئىتى توغرىسىدىكى كىتاب؛
12. شېئىرىيەت سەنئىتى توغرىسىدىكى كىتاب؛

بۇلاردىن باشقا فارابى «چوڭ لوگىكا كىتابى» (كىتابۇل ئەلكە بىرۇل مەنتىقە)، «كىچىك لوگىكا كىتابى» (كىتابۇل ئەل سەغرۇل مەنتىقە) داملىق چوڭ ھەجىملىك لوگىكىلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىدىن، فارابى لوگىكىنى ئارستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا» (پەلسەپە)سىدىن مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە ئايرىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئىگىلەش جەريانىدىكى ئاساسىي رولىنى گەۋدىلەندۈردى.

فارابى مۇنداق دەيدۇ: «لوگىكا سەنئىتى تەپەككۇرنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە ياردەم قىلىدىغان بىردەك قانۇنلارنى ئۆگىتىدۇ ۋە خاتالىشىش مۇمكىنلىكى بولسىمۇ، كىشىنى ھەممە ئەھۋالدا ماھىيەتلەر ھەققىدە ئەقلىي چۈشەنچىگە ئېرىشىشنىڭ توغرا يولىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى ماھىيەتلەرنى ئەقلىي چۈشىنىشكە بولغان مۇناسىۋەتتە خاتالىق، سەۋەنلىك ۋە يېڭىلىشلاردىن ساقلايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ قانۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ماھىيەتلەر ھەققىدىكى خاتالىق مۇمكىنلىكى چەكلەنمىگەن ئەقلىي چۈشەنچىلەر تەكشۈرۈلىدۇ».

فارابى لوگىكىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپ قېتىم قەيت قىلغان. ئۇ لوگىكىنى ئىنسان بىلىمىنىڭ ئاساسىي قورالى، ئىنسانىيەت ئەقلىنى مەدەنىيلەشتۈرىدىغان ۋە بېيىتىدىغان ئاساسىي ئامىل بولۇش سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ: «بۇنىڭ لوگىكا ئۈچۈن زادى ئارتۇقلۇق قىلمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن، چۈنكى مەيلى ھەرقانداق چاغدا تولۇق پاراسەت ئىگىسى بولغان ئىنسانىيەتلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ لوگىكىنىڭ ياردىمىسىز ساختىلىقتىن خالىي ھالدا ھەقىقەتكە مۇيەسسەر بولالىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى ۋە: «بۇ سەنئەت گىراماتىكا سەنئىتى بىلەن قوشكېزەك»، ھەر ئىككىسى تىل ۋە تەپەككۇرغا يۆلىنىپ، توغرا مۇھاكىمە ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشىشتىكى قورال دەپ قارىدى ۋە ھەل قىلدى. فارابىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆزقارىشى مۇنداق ئالتە جەھەتتىن ئىزچىل ئىپادىلەنگەن.

1. تىلسىز تەپەككۇر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛
2. تىل تەپەككۇرنىڭ ئاساسى، ئالدىنقى شەرتى؛
3. تىل ۋاستىسى بىلەن ئابستراكتسىيىلەشكەن بىلىش

كاتېگورىيىلىرى ئادەم مېڭىسىدە ئاۋازسىز ئىچكى تىل ئارقىلىق تەشكىل تاپىدۇ؛

4. ئۇنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشتىكى ئىپادىلىنىش شەكلى ئاۋازلىق تاشقى تىل بىلەن ئورۇنلىنىدۇ؛

5. شۇ سەۋەبلىك تىل ۋە پىكىر شەكىللىرى توغرىسىدىكى ئىككى ئىلىم — گراماتىكا ۋە مەنتىقە بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان بولىدۇ؛

6. گراماتىكا مىللىي خۇسۇسىيەتكە (خاراكتېرگە) ئىگە بولىدۇ. مەنتىقە بولسا خەلقئارا (ئومۇم ئىنسانىيەت) خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

فارابى تۇنجى قېتىم لوگىكىغا «ئىلمىي مەنتىقە» دەپ نام بەرگەن ئىدى. ئۇ يەنە لوگىكا ئىلمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىمۇ بىر قاتار مۇلاھىزىلەرنى ئىلىپ بارغان بولۇپ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە خېلى ئەتراپلىق توختالغان.

ئۇچىنچىدىن، فارابى ئارستوتېلنىڭ شەرتسىز ئۇچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇلىنى راۋاجلاندۇردى.

تۆتىنچىدىن، فارابى ئارستوتېلنىڭ ئۇچ خىل ئۇچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇلىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ بەش خىل شەكلى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

فارابىنىڭ قارىشىچە، مۇھاكىمە شەكلى ئارستوتېل كۆرسەتكەن پەلسەپىلىك ئىسپاتلاش خاراكتېرلىك ئۇچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇلى (قىياسۇل بۇرھانىيە)؛ دىئالېكتىكىلىق ئۇچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇل (قىياسۇل غەلەتىيە) دىن ئىبارەت ئۇچ خىلدىن باشقا يەنە رىتورىكىلىق ئۇچ ھۆكۈملۈك ئۇسۇل (قىياسۇل شېئرىيە) بىلەن قوشۇلۇپ بەش خىل ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، فارابى سوفىستىكىلىق (سوفىستقا)

مۇھاكىمىنى قاتتىق رەت قىلىپ، ئۇنىڭ 18 خىل ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، توغرا مۇھاكىمىنىڭ يولىنى يورۇتتى.

فارابى سوفىستىك مۇھاكىمە ھەييارلىقىنى تونۇپ پاش قىلىشقا پايدىلىق بولغان 18 خىل ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارستوتېل ۋە فارابى ئوتتۇرىغا قويغان سوفىستىك مۇھاكىمىنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

سوفىستىكىنىڭ ئارستوتېل تىلغا ئالغان ئالتە خىل ئىپادىسى:

1) ئومونىميە ئاھاڭداش سۆزلەردىن پايدىلىنىش؛

2) ئامفىبولىيە قوش قىرلىق سۆزلەردىن پايدىلىنىش؛

3) ئالاقىسىز سۆزلەردىن خاتا مۇھاكىمە قۇرۇلمىسى تۈزۈش؛

4) سۆز تەركىبىگە ئايرىم خاتا سۆزنى قوشۇش؛

5) ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش؛

6) ئاخىرقى سۆز قوشۇمچىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش؛

سوفىستىكىنىڭ فارابى كۆرسەتكەن 18 خىل ئىپادىسى:

1) ئومۇنىميە (مۇشتەرك ئىسىم)لاردىن پايدىلىنىش:

2) ئامغىبولىيە (مۇشكىك ئىسىملار) دىن پايدىلىنىش؛

3) كۆچمە ئىسىملار (ئەل ئىسمۇل مەنقۇل) دىن پايدىلىنىش؛

4) كىنايىلىك (مۇستائارە) ئىسىملاردىن پايدىلىنىش؛

5) پىكىرنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەيدىغان ئاغزاكى ئىبارىلەردىن پايدىلىنىش؛

6) ئومۇمىيلىقىنى ئۇنىڭ ئايرىم بىر قىسمى بىلەن ئاتاپ ئىپادىلەش؛

7) بىر سۆز ئورنىغا ئىككىنچى سۆزنى ئالماشتۇرۇپ ئىپادىلەش؛

8) ئايرىم سۆزنى ئومۇم سۆز بىلەن ئىپادىلەش؛

9) ئايرىم سۆز بىلەن ئومۇم چۈشەنچىنى ئىپادىلەش؛

10) ئومۇم سۆز بىلەن ئومۇم سۆزنى ئالماشتۇرۇپ ئىپادىلەش؛

11) سۆزدە ئىپادىلەش شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىش؛

12) سۆزدە مۇجمەل پېئىللارنى ئالماشتۇرۇش؛
13) تەسەررىخنى (پېئىلنىڭ ئاخىرىنى) ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش؛
14) سۆز تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش؛
15) ئەھۋال، ھالەتنى ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش؛
16) سۆزدە ئاۋازنى ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش؛
17) ھېسسىيات ۋە قىياپەتنى ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش؛
18) توختاش ۋە تىنىش ئورنىنى ئۆزگەرتىپ ئىپادىلەش.

فارابى كۆرسەتكەن بۇ 18 خىل ئىپادە ئىنسانىيەتنىڭ ساختا مۇھاكىمە ئۇسۇللىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان سان ـ ساناقسىز كۈرەشلىرى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن، ئۇ مەڭگۈ قىممەتكە ئىگە ئىلمىي نەتىجە.

فارابىنىڭ لوگىكىلىق تەلىماتى كەڭ تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭ لوگىكا ساھەسىدە قازانغان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز زاماندا شلىرى تەرىپىدىن يەنە «ئەلمەنتەقى» دەپمۇ ئاتالغان. 13 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەرەب ئالىمى ئەل قىغتى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھۆكۈما» ناملىق ئەسىرىدە: «فارابىنىڭ لوگىكا ھەققىدىكى شەرھىي كىتابلىرى لوگىكىنىڭ ئايدىڭ بولمىغان جايلىرىنى يورۇتتى، مەزمۇنلىرىنى روشەنلەشتۈردى، سىرلىرىنى يەشتى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

فارابى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاتاقلىق مۇزىكانت ئىدى. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ ھىجرىيە 1271 ـ يىلى (مىلادىيە 1854 – 1855 ـ يىلى) يازغان «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە فارابىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تۆھپىسى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۈچىنچى بىرى ئالتاينىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ ئەبۇنەسىر فارابىدۇر. بۇ ئەزىز ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەت غەززالى، ھەزرىتى ئىمام پەخرى رازىلاردىن ئارتۇق كامالەت تاپقان، دىنىي ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن، پەننىي ئىلىملەردە ئىبنى سىنادىنمۇ ئۈستۈن ئىدىكى،

شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەپسىر ‹قۇرئاننىڭ شەرھى›، ھەدىس، تېبابەتچىلىق، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات ھەتتا شاھمات، نەرد ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى، جۈملىدىن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەن ئىدى. قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى. راك، ئۇشاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇشاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەنىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۆزھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشپ قىلغان ئىدى»[1] دەيدۇ. ئۇ يەنە «‹رىسالەئى مۇغەننىيۇن› (سازەندىلەر رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۆجىزىسى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا يەنە «يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر» دېگەن.

فارابى مۇزىكا ساھەسىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۇستاز بولۇپ، كۆپلىگەن فارابىشۇناسلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ، فارابىنىڭ مۇزىكا ئىلمىدىكى ئۈچ مەس تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. فارابى ئۆز ئۆمرىدە مۇزىكا ھەققىدە كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ مەشھۇرراقلىرىدىن «كىتاب ئەل مۇسىقى كەبىر» (بۈيۈك مۇزىكا كىتابى)، «كالام فى ـ ئول مۇسقى» (مۇزىكا ھەققىدە سۆز)، «كىتاب فى ئىغسا ئەل ئىبىكا» (كۈيلەر تەسغى ھەققىدە كىتاب)، «كىتاب فى نەقرا مۇزا فەئىلال ئىبكا» (رىتىمغا قوشۇمچە قىلىنىدىغان سىلجىشلار ھەققىدە كىتاب) قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ « كىتاب فى ئىغسا ئول ئۆلوم» ناملىق ئەسىرىدىمۇ

---

[1] مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982- يىل نەشرى، 53- بەت.

www.uyghurkitap.com

مۇزىكىغا دائىر مەخسۇس بابلار بار.

فارابىنىڭ «كىتاب ئەل مۇسىقى كەبىر» ناملىق كىتابى مۇزىكا نەزەرىيىسى ساھەسىدە ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ مۇندەرىجىسى ھەققىدە فارابى تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «بىرىنچى قىسىمدا، مۇزىكا ئۇسۇلىنى تېپىشقا قوللانما بولغۇچى مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ مەخسۇس پىكرىمنى باشقىلارنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئارىلاشتۇرماستىن بايان قىلدىم. ئىككىنچى قىسىمدا مەشھۇر نەزەرىيىچىلەرنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى زىكىر ئەتتىم ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر مۇلاھىزىلىرىنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ، مۇزىكا بابىدىكى دەرىجە ھېسلىرىنى ئېنىقلىدىم ۋە خاتالىقلارنى تۈزەتتىم». قىسىقىسى، ئاكادېمىك غوپۇرۇف بىلەن قاسىمجانوفنىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «ئەل فارابى ئۆز ئالدىغا مۇزىكىنى ئۇنىڭ مەسىلىلىرى بويىچە تەلتۆكۈس تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قويغان ۋە بۇنى ئورۇنداپ، مۇزىكىنى تارىختا تۇنجى قېتىم بىر سىستېمىغا سالغان.»[1] مۇزىكا ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان، زامان خاراكتېرىگە ئىگە ھېسسىيات سەنئىتى بولۇپ، بۇ ھەقتە گېگېل: «مۇزىكا روھىي ھېسسىيات سەنئىتى» دېسە، شوپېنخاۋېر ئۇنى «سەنئەت پادىشاھى» دېگەن، فېيېرباخ: «مۇزىكا ھېسسىياتنىڭ تىلى، مۇزىكىلىق كۈينىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يۈرەكنىڭ ئاۋازىدىن ئىبارەت»، «مۇزىكا ھېسسىياتنىڭ مونولوگى» دەپ يازغان.

فارابى مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ھەققىدە توختىلىپ، چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈپ، مۇزىكىنىڭ ئىنسان روھىغا بەخش ئېتىدىغان خۇشاللىقلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سەنئەت بەدەن سالامەتلىكىگە شۇ مەنىدە مەنپەئەتلىككى، بەدەندىكى ئاغرىق بەزىدە روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇ چاغدا بەدەن بىئاراملىق

[1] «مۇقام پېشۋالىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىل نەشرى، 3 - بەت.

ھېس قىلىدۇ. روھمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قۇۋۋىتى سۇبستانسىيىگە ماسلىشىپ، ئاجىزلاشقان بولىدۇ. بەدەننى داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، روھنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇزىكىلىق ئاۋاز تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدا پائالىيەت ھاسىل بولىدۇ»، «مۇزىكا تۇغما ئىستېدات ۋە تۇغما ئىقتىدار شارائىتىدىن راۋاجلىنىپ، بىر ئىلىمگە ئايلانغان بولۇپ، مۇزىكا ئاۋازى مۇئەييەن قىزغىنلىق، مۇئەييەن ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ».

فارابى مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلەن فىزىكىلىق ئاۋازنىڭ پەرقىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىفاگور مۇزىكا تەلىماتىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئاۋازنى ماددىنىڭ ھەرىكىتىگە باغلاپ ئىزاھلاپ، پىفاگورنىڭ ئابستراكت، مۇتلەق سان ئاۋازنىڭ مەنبەسى دېگەن قارشىنى تەنقىدلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنساننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ مۇزىكىلىق ئاۋاز بىلەن فىزىكىلىق ئاۋازنى پەق ئېتىشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ تەكىتلىگەن. فارابى ئاڭلاش سەزگۈسى بارلىق ئىنسانىي سەزگۈلەرگە ئوخشاش «تەبىئىي ۋە غەيرىي تەبىئىي» بولىدۇ. تەبىئىي ئاۋاز ئەڭ ئاخىرى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلىسا، غەيرىي تەبىئىي ئاۋاز كىشىگە غەشلىك، بىئاراملىق ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىغان. بۇ فارابىنىڭ ئېستېتىك كۆزقاراش ئاساسىدا يېڭى مۇزىكىشۇناسلىققا ئاساس سالغان مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

فارابى ئەينى دەۋرلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىجادچىسى بولۇپ، «زەينەتۇل مەجالى» ناملىق ئەسەردە سەيپۇل دەۋلە ۋەزىرى ساھىب ئابباد بېغىدا بولغان زىياپەتتە فارابىنىڭ سازەندىچىلىك ماھارىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ھېكايە قىلىنىدۇ: «... شۇندا ئۇ (فارابى) يېنىدىن بىر چالغۇ ئەسۋابنى ئېلىپتۇر، بۇ ئەسۋابنى فارابى ئۆزى كەشىپ ئەتكەن بولۇپ، كۆرۈنۈشى كىچىك قاپاققا ئوخشاپ كېتەرىكەن ۋە ‹كىپچەك›، دەپ ئاتىلارىكەن، فارابى

ئۇشبۇ چالغۇدا كۈيىنىڭ 1 ـ قىسمىنى چالغاندا، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى خۇرسەن بولۇشۇپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن كۈلۈشۈپتۇ. كۈيىنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئاڭلىغۇچىلارنى يىغلىتىپتۇ. ئۇلار كۆزياشلىرىنى مۆلدۈردەك تۆكۈپتۇ. ئۈچىنچى قىسمى چېلىنغاندا بولسا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھاياجانغا چۈشۈپتۇ، كېيىن بىھوش بولۇپ ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ.»[1] ئۇ يەنە قالۇن ۋە ئۇد چالغۇلىرىنىمۇ ياسىغان بولۇپ، تارىخي مەنبەلەر بۇنى بىردەك ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى» ناملىق كىتابتا «قالۇن قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خەلقئارادىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئۇنى فارابى ئىجاد قىلغان، دەپ قارايدۇ. ‹تەۋارىخى مۇسقىيۇن› دىمۇ ‹فارابى ياسىغان› دېيىلگەن. فارابىنىڭ مۇزىكا رىسالىسى› دىمۇ ‹قالۇننىڭ 45 تارىسى بار ئىدى› دەپ كۆرسىتىلگەن»[2] دېيىلگەن. فارابىنىڭ ئۆز ھاياتىدا يەنە كۆپلىگەن مۇزىكا ئاھاڭلىرى ئىجاد قىلغانلىقى مەلۇم. بىر قىسىم تارىخي مەنبەلەر ئۇنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئىسلام ـ تۈرك مۇزىكىسىدىكى توققۇز كۈينى كۆپەيتىپ ئون يەتتىگىچە يەتكۈزگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ[3].

فارابىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ يېتىلىشىدە مۇنداق بىرقانچە ئامىل ئاساس بولغان.

بىرىنچى، فارابى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مۇزىكىچىلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئۇتۇقلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرغان.

ئىككىنچى، فارابى 30 ياشتىن ھالقىغاندا، ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ باغدادقا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ باغداتتا پۈتۈن ئوتتۇرا شەرق مۇزىكىلىرىنىڭ يارقىن ئۇتۇقلىرى بىلەن

---

[1] «مۇقام پېشۋالىرى» 4- بەت.
[2] تۇرسۇنجان لىتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى» 99- بەت
[3] ئا. مەتتىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 283 ـ، 290- بەت.



www.uyghurkitap.com

ھەمدە قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ۋە ئەل كىندىنىڭ (850 – 800) مۇزىكىلىق كۆزقاراشلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇزىكا تەپەككۇرى تېخىمۇ قاناتلانغان.

ئۈچىنچى، فارابىنىڭ ئاساسلىق ئەمگىكى بولغان پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ئېھتىياجى ئۇنىڭ مۇزىكىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەقەززا قىلغان. ئەينى زاماندا (ئوتتۇرا ئەسىردە) مۇزىكا ئىلمى تەبىئەت ئىلمىنىڭ، بولۇپمۇ ماتېماتىكا ۋە فىزىكىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارالغاچقا، ئالىم ۋە پەيلاسوپ بولۇش ئۈچۈن، مۇزىكا تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر شەرت ھېسابلىناتتى. ئەنە شۇ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شەرت - شارائىت ۋە ئېھتىياجلار فارابىنىڭ ئۆز دەۋرىدە مىسلىسىز ئۇلۇغ مۇزىكشۇناس بولۇپ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر[1].

فارابى مۇزىكا ساھەسىدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن سۇجۇپ قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى مىللىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئىسلامىيەت روھى بىلەن سۇغىرىپ، مۇزىكا مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن فارابى ياشىغان دەۋرلەرگە كەلگەندە تەمبۇر، راۋاب، كۇس ناغرا، قوۋۇز، تەبىل، زىر، نەي، چاغانە، سۇناي، كارناي، ئارغۇنۇن، غېجەك، ئۇد، قالۇن قاتارلىق تارلىق، سوقما ۋە پۈۋلىمە چالغۇ ئەسۋابلىرى كەڭ تارقىلىپ، «راست»، «خۇسرەۋي»، «بودا» (بارە)، «ئۇشاق»، «زىرەفكەندە»، «بوسلىك»، «ئىسپىھان»، «ناۋا»، «بەستە»، «تارانە» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۈيلەر ئىجاد قىلىنىپ، ئون ئىككى مۇقام تېخىمۇ تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

فارابى مۇزىكا ئىجادىيىتى جەھەتتە ئەرەب مۇزىكىسىغىمۇ غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار

---

[1] «مۇقام پېشۋالىرى» 5 - 6- بەت.

فارابىنىڭ ئەرەب مۇزىكا ساھەسىدە تۇتقان ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىشمەكتە. مەسىلەن: دوكتور دالمۇر «ئەرەب مۇزىكىسىدىكى ئاھاڭ دەرىجىلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە فارابى ھەققىدە توختىلىپ: «بىزنىڭ ئەرەب مۇزىكىسىدىكى ئاھاڭ دەرىجىلىرى ھەققىدە ئەڭ دەسلەپكى چۈشەنچىمىز ھىجرىيىنىڭ 4 - ئەسىرىدىكى فارابىدىن باشلانغان» دەپ توغرا ئېيتقان. فارابىنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نوتا، مۇقام ۋە مۇزىكىنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي تەسىرى توغرىسىدىكى تۆھپىلىرىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى. فارابىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۇنى «شەرقنىڭ ئارستوتېلى» دېگەن نامغا مۇيەسسەر قىلغان. ئۇ گەرچە ئۆز ھاياتىدا خېلى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، ئۇ باشقا ئەللەردە كۆپلەپ نەشر قىلىنىدى. ئەمما بىزدە ناھايىتى ئاز نەشر قىلىنىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، جاپپار ئەمەت، ماھمۇت زەئىدى، ھۆرمەتجان فىكرەت قاتارلىقلار فارابىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى.

مەن فارابى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بالىلارغا يۈزلەندىم. قارىماققا، ئۇلار سۆزلىگەنلىرىمدىن خېلىلا رازى بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

— قانداق، فارابى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلالىدىڭلارمۇ؟ — سورىدىم مەن ئوقۇغۇچىلاردىن.

— ھاسىل قىلدۇق، — ئوقۇغۇچىلار بىردەك ئىنكاس قايتۇردى، مەن سەل تۇرۇۋېتكەندىن كېيىن:

— نائىنىق بولۇپ قالغان جايلار بولسا سوراڭلار، بىلگىنىمچە سۆزلەپ بېرەي، — دېدىم. شۇ ھامان بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— فارابى ئەسەرلىرىنى چۈشەنمەك تەسكەن. مەن يېقىندا «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» دېگەن كىتابنى ئوقۇغانىدىم. مېنى پەقەت قىزىقتۇرالمىدى، يا مەن چۈشىنەلمىدىممۇ، بىلمىدىم.



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىچچام قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋە ئۇ ئەسەرلەردىكى ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھېكمەتلىك جاۋاھىرلارنى ئايرىپ خەلققە تونۇتقان ئىش بارمۇ - يوق؟ مۇشۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرگەن بولسىلا، — دېدى.

مەن بۇ سوئالنىڭ ناھايىتى ياخشى سورالغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن فارابى ھېكمەتلىك سۆزلىرى رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغان «فارابى مۇنداق دەيدۇ» دېگەن كىتابنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغانلىقىنى ئېيتتىم. ئوقۇغۇچىلار كۆرۈپ بېقىش ئۈمىدىنى بىلدۈرۈشتى. شۇ ھامان مەن بىر ئوقۇغۇچىغا ئىشخانامنىڭ ئاچقۇچىنى بەردىم. چۈنكى مەن تونۇگۈنلا ئۇ كىتابنى ئىشخانامغا ئاچىقىپ بىر قۇر كۆرۈپ چىققان ئىدىم. 10 مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇ ئوقۇغۇچى كىتابنى ئېلىپ كىردى. مەن ئۇ كىتابتىكى ھېكمەتلەردىن تاللاپ ئوقۇپ بېرىشكە باشلىدىم.

ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەن بابكار ياكى مىرزا بولۇپ تۇغۇلمىغىنىدەك، ئۇنىڭغا تەبىئەت ئالىيجانابلىق ياكى پەسلىكنى تەقسىم قىلىپ بەرمىگەن.

بارلىق ئىنسانلار — ئەقىللىق ھايۋان، بارلىق ئەقىللىق ھايۋانلار — ئىنساندۇر.

بىر مىللەتنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىغا ئۈچ تەبىئىي نەرسە سەۋەب بولىدۇ. بۇلار: تەبىئىي ئادەتلىرى، خاراكتېرىدىكى تەبىئىي ئالامەتلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسلانغان، قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا تەبىئىيلىككە ئالاقىدار بولغان نەرسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ — تىل، يەنى پىكىرنى ئىپادىلەشنىڭ قورالى بولغان نۇتۇقتۇر.

ھەممىنىڭ مۇقەددەس مەقسىتى دەل بەخت ۋە پەزىلەتتىن ئىبارەت.

ئىنسانىيەتلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ مەنتىقىنىڭ ياردىمىسىز ساختىلىقتىن خالىي ھالدا ھەقىقەتكە مۇيەسسەر بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس.

قەھرىمانلىق ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر، ئۇنىڭغا ئەقىلگە مۇۋاپىق غەيۇرلۇق بىلەن ئىرىشكىلى، ئۇنى خەتەرلىك ئىشلار ئىچىدە، جۈملىدىن ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

ئەقىل — روھنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ۋە كامالىتىنى تەمىن ئەتكۈچىدۇر.

ئۆز سۈپەتلىرىنى پەزىلەتلىك پائالىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ياكى ئۆزىنى رەزىل پائالىيەتتىن قاچۇرغان ئەقىل — پاراسەتلىك ئەقىلدۇر.

پەقەت دانىشمەن شۇغۇللىنىدىغان بىلىملا شەرتسىز مېغىزلىق ئەڭ ياخشى بىلىم ھېسابلىنىدۇ.

ناخشا - كۈي بولۇۋاتقان جايدا سۆكۈتتىن باشقا نەرسە بولمىسۇن، ئۆزئارا سۆزلەشمەي، جىم تۇرۇپ ئاڭلىماسلىق ئۇنىڭ لەززەت قىممىتىگە يەتمىگەنلىكتۇر.

تائام — ھاياتنىڭ ئوزۇقى، مۇزىكا - كۈي بولسا مەنىۋى ھايات، روھنىڭ ئوزۇقىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنسان زېھنىنى ساپ قىلىدۇ. قايغۇنى يىراقلاشتۇرۇپ، تەبىئەت، مىجەزنى يۇمشىتىدۇ.

ساراڭنى تۈزەپ، گالۋاڭنى سەگەك قىلىشتا پايدىلىق داۋادۇر.

ياخشى ئەخلاق بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ھەر ئىككىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ھېسابلىنىدۇكى، ئىنساننىڭ ھەر بىر ئىشتىكى پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە پائالىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە كامالىتى تەرىپىدىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ.

ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبە، مەنتىقە ئىلمىگە قارىغاندا ئەخلاق ئىلمىدە تېخىمۇ قىممەتلىك.

ئەقىللىق ئادەم — پەزىلەتلىك ئادەمدۇر.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىرادىگە ئاساسلانغان، ۋەھالەنكى، ياخشى ياكى يامان پائالىيەت پەقەت ئىنسانغا خاستۇر.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىرادىگە باغلىق، ئىرادىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى ئادەمگە باغلىق.

بەخت ھەرقانداق ئادەم تەلپۈنىدىغان مەقسەت بولۇپ، ئۇ چەكسىز كامالەتتىن ئىبارەتتۇر.

بەخت ياخشىلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ زور ياخشىلىق ۋە ھەممە نەرسە ئىچىدىكى ئادەم ئەڭ تەلپۈنىدىغان، ئەڭ كامالەتلىك مەقسەت ئىكەنلىكى روشەن.

ئەڭ ئۇلۇغ ۋە تولۇق بەخت - سائادەت بارلىق ھالاۋەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدۇر. بەدەندىكى كېسەللىك، كەمبەغەللىك، ھۇزۇر -

ھالاۋەتنىڭ يوقلۇقى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىگە بېرىلىشىنىڭ مۇمكىن بولماسلىقى ۋە شان - شەرەپىنىڭ يوقلۇقى بەختسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

ھالاۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەلىيەتتە شۇنداقكى، ئۇ خالاش ۋە ئىختىيارىي تاللاش بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

بەختكە ئېرىشىشكە مەنپەئەتلىك بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشتۈرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق، بەختكە مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ توسقۇن بولىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى مۇتلەق يامانلىقتۇر.

ئەگەر بارلىق خەلق بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا، پۈتۈن زېمىندا پەزىلەت تىكلىنىدۇ.

سېنىڭ ئالدىڭدا باشقىلار ئۇستىدىن غەيۋەت قىلغان كىشىگە ئىشەنمە، چۈنكى ئۇ باشقىلار ئالدىدا سېنىڭ ئۇستۇڭدىنمۇ غەيۋەت قىلغۇچىدۇر.

چۈشىنىش — يادلاشتىن ياخشىراقتۇر، چۈنكى يادلاش نۇرغۇنلىغان پارچە ئىبارىلەر ۋە شەخسلەرنى يادلىۋېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ چېكى يوق، چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ ئەمگىكى — پايدىسىز ئەمگەك، چۈشىنىش نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئومۇمىي قانۇن - قائىدىلىرىنى بىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ چېكى ۋە ئومۇمىيلىق قىممىتى بولىدۇ. كىشى ئۆزى يادلىۋالغان نەرسىلەرگە ئوخشاشمايدىغان نەرسىلەرگە دۈچ كەلگەندە، ئۇ مۇشۇ ئومۇمىي قانۇنلارغا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ - دە، ئۆز چۈشەنچىلىرىگە ئىشەنچلىك مۇراجىئەت قىلالايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

بىپەرۋالىق قىلىپ ياكى خاتالىشىپ باشقىلارنى بەختتىن مەھرۇم قىلغان ئادەم ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئەگەر بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشىدىغان بولسا، پۈتۈن يەر يۈزى پەزىلەتلىك بولۇپ قالىدۇ.

تەربىيە ــــ خەلقنى ۋە شەھەرلەرنى نەزەربىمىۋى پەزىلەتكە ئىگە قىلغۇچىدۇر، تەلىم ــــ خەلقنى بىلىم ئاساسىدا ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە سەنئەتكە ئىگە قىلغۇچىدۇر.

تاللاش پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر، چۈنكى، تاللاش ئەقلىي بىلىشكە تايىنىدىغان مۇھاكىمە ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلار ئويلاش پائالىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن تاشقى ۋە ئىچكى تۈيغۇلارنى توپلاپ، مېڭىنىڭ ھەرىكىتىنى ھاسىل قىلىدۇ.

بەزىدە ئىنساننىڭ پەيلى كۆپرەك خىيال سۈرۈشكە باغلىق بولىدۇ، بۇ شۇنداقكى، ئىنسان شۇ بىر نەرسىنى باشقا بىرەر نەرسىدە بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

ياشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ قىلىقى قېرىلارغا ئوخشاشمايدۇ، قېرىلارنىڭ يامىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى كىچىك باللارغا ئوخشايدۇ.

توغرا چۈشىنىدىغان ۋە چۈشەنگىنىنى ئىجرا قىلىش ئىرادىسىگە ئىگە بولغان ئادەم ھۆردۇر. توغرا چۈشەنسىمۇ، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

ئىجرا قىلىش ئىرادىسى يوق ئادەم قۇلدۇر. ھەم توغرا چۈشەنچىدىن، ھەم ئىرادىدىن مەھرۇم بولغان ئادەم ھايۋان بىلەن تەڭدۇر.

چەكسىزلىكتە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ مېھنىتى، پايدىسىز مېھنەتتۇر.

ئەگەر ئىنسان ھەرقانداق ھايۋاندىن بىرەر نەرسىدە ئۈستۈن بولسا، ئۇ نەرسە ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىشتا ياردەم بەرگۈچى بىر كۈچ بولىدۇ ۋە ئىنسان ئاشۇ كۈچ ياردىمىدە نەرسە ۋە ئىش - ھەرىكەتلەردىن ئۆز خاھىشى بويىچە پايدىلىنىدۇ. ئىنسان ئۇلارنىڭ قايسىبىرى پايدىلىق، قايسى بىرىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى ئۆزىگە روشەن بولمىغۇچە كۆزىتىدۇ ۋە پايدىلىقىنى تاللىۋېلىپ ئۆزلەشتۈرىدۇ، زىيانلىقلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

كۆچلەرنىڭ ھەرىكەتكە ئايلىنىشى تەجرىبە ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. تەجرىبىنىڭ ماھىيىتى — ئايرىم تۈرلەر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش، ئاشۇ ئايرىم نەرسىلەر بىلەن ماس كېلىدىغان ئومۇمىيەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ تەجرىبە ۋە ھەرىكەتلەردە نەرسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە قارىمۇقارشى ھالىتى ھەققىدە ئويلاپ ئاداشقان ئادەم كامالەتكە يەتكەن ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشتا كىم ئەڭ كۆپ تەجرىبىگە ئېرىشسە، شۇ ئەڭ مۆتىۋەر ۋە كامالەتكە يەتكەن ئىنساندۇر.

دانىشمەن كىشىلەر ئايرىم نەرسىلەر ئۈستىدە ئۆز كۆزىتىشلىرى

جەريانىدا ئومۇمىي پىكىرلەر ۋە مۇلاھىزىلەرگە تايىنىشقا تۇغما قابىلىيەتلىرى بولغان ئادەملەر ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ئارقىلىق ئەسلىي ھەقىقەتكە يېتىشكەن كىشىلەردۇر.

قانۇننى بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلار (قانۇنلارنى) مەنىسىز دەپ ئاتاشنى خالاپ قالىدۇ.

ئەگەر قانۇن جەڭ قىلىشنى بۇيرۇسا، دېمەك، بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، تىنچلىق ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئىلاھىي ئىزگۈلۈكلەر، ياخشىلىقلار ئۆزلەشتۈرۈلسە، ئۇ ھالدا ئىنسانىي ياخشىلىقلارمۇ ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ.

ئەڭ مۇشكۈل ئىش — قانۇننى جارى قىلدۇرۇشتۇر.

خاھىش بىلدۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي قانۇنچى بولالمايدۇ.

قانۇنغا ئۆزى ئەمەل قىلمىغان رەھبەر ئۆزى قەھرىمان بولماي تۇرۇپ، ئەسكەرلەرگە رەھبەرلىك قىلىدىغانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۆزى قانۇننى مەنسىتمەيدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدىغانلار ئۆز ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن چوڭ تەرتىپسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

نۇتۇقنى ئاڭلىغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى، تۇپ مەنىنى توغرا ۋە ساغلام ئىگىلەپ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، شۇ ئادەمدە تەربىيىلىنىۋاتقان سۈپەتلەر بارمۇ ياكى ئۇ سۈپەتلەرنى ناتىق سۆز مەنىلىكى ۋە

ناتىقلىق ماھارىتى بىلەن ياكى ناتىقنىڭ ھەممە نەرسە توغرىسىدا ياخشى پىكىر بىلدۈرۈشكە ئۆگەتكەنلەردىن شۇنداق كۆرسەتتىمۇ، بۇنى بىلىۋېلىش زۆرۈر.

كەمتەرلىك — تەھسىن (تەقدىرلەشكە) گە لايىقتۇر، ئەمما كەمتەرلىك ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئۆز كۇچىنى يوقىتىدۇ ۋە زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ.

ئادەملەر ھەققىدە ياخشى پىكىردە بولۇش ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن ئوچۇق كۆڭۈللۈك تەھسىنگە سازاۋەردۇر. لېكىن بۇلار دۈشمەنگە تەئەللۇق بولۇپ قالسا ئۇ زىيانلىقتۇر. ھوشيارلىقمۇ تەھسىنگە لايىق، ئەمما ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ قورقۇش ۋە ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئايلىنىپ، زىيانلىق بولۇپ قالىدۇ.

ياخشى پەزىلەتكە ئېرىشمەكچى بولغان ئادەم ياخشى خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشى، ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى يوق قىلىشقا ئىنتىلىشى زۆرۈر. چۈنكى ياخشى پەزىلەتلەرگە ئېرىشىش قىيىن، ئادەم پەقەت ئىللەتلەردىن خالاس بولغاندىن كېيىنلا ياخشى پەزىلەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

راھەتلىنىش، دەرد چېكىش ۋە قايغۇرۇش ئاساسىي تەبىئىي خىسلەتلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تۇپەيلى پەزىلەتلەر ۋە ئىللەتلەر ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ. نەھايەت، بالاغەت ۋە بىلىملەرگە، راۋاجلىنىشقا تەربىيە ۋە مەشىق ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ.

ئىجابىي خىسلەتلەر — ئادەملەر ئېرىششكە ھەۋەس قىلىدىغان نەرسىلەردۇر.

ئىدراكلىق ۋە تەجرىبىلىك ئادەمنى بويسۇندۇرغۇچى قانۇننى جارى قىلدۇرۇش باشباشتاق كىشىلەر ۋە تەجرىبىسىز ئادەملەرنى ئالىملارغا تەڭلەشتۈرۈپ بويسۇندۇرغۇچى قانۇننى ئىجرا قىلىشقا قارىغاندا ياخشى ۋە ئەۋزەلرەكتۇر.

قانۇنچىلارمۇ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بېجىرگۈچىلەرمۇ خەلقنىڭ ناھايىتى كۆپ، تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشلىرى كېرەك، تاكى ھېچبىر ئىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىسۇن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىسا، ئۇ ھالدا تەسىرلىرى بولغان ھەممە ساھەلەردىن ئۇلارنى چەتلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئەگەر ياشلار مەئىشەتكە بېرىلىپ، قانۇنغا زىت رەۋىشتە كۆڭۈل ئېچىپ، راھەتلىنىپ يۈرسە، قانۇنچىلارنىڭ ئۇلارنى تۈزىتىشى قىيىن، شۇڭا راھەتلىنىشلىرىنى قانۇنغا بويسۇندۇرۇشلىرى زۆرۈر.

ئەگەر ياخشىلىق، ئېزگۈلۈككە دائىر قانۇن مەۋھۇم (خىيالەن) بولسا، قانۇن ۋە بۇ جەھەتتىكى پەند - نەسىھەتلەرنى يېزىپ ماڭغۇچىلار ۋە شائىرلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىكى خاتالارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇنىڭغا جىددىي ئېتىبار بېرىشلىرى كېرەك.

ئېزگۈلۈكى يوق، پەقەت يېقىملىق نەرسىلەر بىلەن بولسا ئەقلى قىسقا ئادەملەر راھەتلىنىدۇ. ئېزگۈلۈك، ياخشىلىق ئۇلاردىن ھاسىل بولىدىغان نەرسىنى بىلگۈچى ئادەملەر ئۈچۈن يېقىملىقتۇر، بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن بولسا يېقىمسىزدۇر.

ئەگەر ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت زۆرۈرىيەتسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئۇ يېقىمسىز بولۇپ، ئالقىشقا سازاۋەر ئەمەس.

ئۆزلىرىدە مەلۇم بولغان مۇزىكىلىق سەنئەتلەردىن توغرا

www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىشقا ئادەتلەنگەن ئادەملەر رەھمەتكە سازاۋەردۇر. ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ ئورۇنسىز ۋە يولسىز پايدىلانغۇچىلار ئەيىبلىنىشكە ۋە قارىلىنىشقا لايىقتۇر. چۈنكى، بۇنىڭ بىلەن غەم - كۈلپەتكە سەۋەب بولىدۇ.

ئەقىل - ئىدراكلىق ئىنسانلار خالىغان نەرسە ياخشى، خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. لېكىن، نادانلارغا يارىغان نەرسىلەرنى رەت قىلىش كېرەك.

تەربىيە — ئاقىللىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. قانۇن — پاراۋانلىق يولىدۇر. شۇنداق ئىكەن، قانۇن ئىگىسى تەربىيىنى مۇستەھكەملەشكە ئالاھىدە ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

ھاكىملارنىڭ نادانلىقى بولسا، خەلق ئۇچۇن ئەڭ كاتتا زەرەردۇر.

كېسەل بەدەن قىيىنچىلىقلارغا چىدامسىز، سەمەرىلىك ئىشلارنى بېجىرىشكە قابىلىيەتسىز بولغىنىدەك، كېسەل روھمۇ ئەڭ يۈكسەك ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ پەرقىگە بارمايدۇ ۋە تاللىۋالالمايدۇ. روھنىڭ كېسەللىكى ئىلاھىي باشقۇرۇش ئەخلاقىنى رەت قىلىدۇ.

ئەگەر قانۇنچىلار مۇستەقىل ۋە مەخسۇس قانۇنغا ئىگە بولمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىشى خەيرخاھلىق بىلەن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەگەر قانۇنلاشتۇرۇش ئەركىنلىك بىلەن ئىختىيارىي ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، ئۇ چاغدا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەتمۇ پۇقرا تەرىپىدىن

خەيرخاھلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇزاق مۇددەتكىچە داۋام قىلىنىدۇ.

قانۇن چىقارغۇچى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ دوستلۇق تۇيغۇلىرى مەۋجۇتلۇقىنى كۆزەتكەن ھالدا، قانۇننىڭ كەمچىلىك ۋە ئىللەتلىرىدىن خالىي بولۇشىنى تەمىنلەش ئۈچۈن جارى قىلىنغان قانۇنلارنى چوڭقۇر ئىشەنچ ۋە بىلىم بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈشى زۆرۈر.

ئەگەردە ھاكىم شەھەر ئەھلىگە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تەۋسىيە قىلالمىسا، ئىشلار مۇشكۈللىشىدۇ. ھاكىمنىڭ پايدا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولماي قالىدۇ ۋە خەيرلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇددىتى سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

يامان كېلىشىم ــــ ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بۇزغۇچى بىر ئامىلدۇر.
جاھىل ئادەملەر ياخشى ئىشقا ئاسانلىقچە بويسۇنمايدۇ. ئوتتۇرا ھال ئادەملەر بولسا، ئاسان قۇلاق سالىدۇ.

روھ ئەڭ ئېزگۈ ئالەم بولغىنى ئۈچۈن، ئىنسان ئاۋۋال ئۆزىنىڭ روھىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

ئالىيجاناب بەدەن گۈزەللىكى، كۈچى، زەئىپلىكى، ساغلاملىق ياكى سېمىزلىكى ئۈچۈن ئالىيجاناب ئەمەس، بەلكى قانۇنلارغا ماس ھايات تەرتىپى بويىچە ماقۇل كۆرۈلگەن ئادەتلەرگە رىئايە قىلغىنى ئۈچۈن ئالىيجانابتۇر.

ئىنسان تەبىئىتىنى تەربىيىلەشكە بولغان زۆرۈرىيەت بەدەننى ئەزىزلەشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئەگەر ئادەمدە تۇغما، كۈچلۈك غۇرۇر تۇيغۇسى بولمىسا، ئۇ چاغدا بۇ ئادەم ئۆز روھىنى مەشىق ئارقىلىق تەربىيىلىشى لازىم. چۈنكى ئۆزى سۆيگەن ئىنساننىڭ ئۆز جىنايەتلىرىنى سەزمەسلىكى ئادەمنىڭ تۇغما خىسلىتىدۇر. شۇنداق ئىكەن، شەھۋانە خاھىشلارغا يول قويماسلىق ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۈچلۈك غۇرۇر بولۇشى كېرەك. ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى روھىغا راۋا كۆرمەسلىك ئۈچۈن، بۇنداق ھاللاردا غەزەپىتىنمۇ ئىجابىي پايدىلىنىشنى بىلىش ۋە روھنى دائىما ئۆزىدىن قانائەتلەنمەسلىككە ئۈگىتىش كېرەك.

تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئۆز روھلىرىنى دائىما خۇشاللىق، ئارتۇقچە كۈلۈش، قاتتىق خاپا بولۇش، ئارتۇقچە قايغۇرۇشتەك ھالەتلەردە مۆتىدىللىك دائىرىسىدىن چىقماسلىققا مەجبۇر قىلالىشى كېرەك.

ئەگەر ئىنسان ئىلاھىي ئېزگۈلۈكلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭ ھاياتى خۇشاللىنارلىق، ھايات تەرتىپى ناھايىتى گۈزەل بولىدۇ. گۈزەل ھايات تەرتىپى بولسا، خەلق نەزىرىدىمۇ، خۇدا نەزىرىدىمۇ يۈكسەك بولىدۇ.

ئەگەر مال ـ مۈلۈك نەپسانىيەت ئۈچۈن توپلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئادەم كۆنلەردىن بىر كۈنى ئۇياتقا قالىدۇ. شۇڭا مەنپەئەتتىن ئۆزىنى تارتىش قانداق قىلىپ بولسىمۇ ناپاك يول بىلەن

ئېرىشىلگەن مەنپەئەتتىن ياخشىراقتۇر.

تەربىيە ۋە قانۇنلارنىڭ مەقسىتى ئادەملەرنى يامان ئىشلاردىن قايتۇرۇشتۇر.

ئەگەر ياشاش ئۈچۈن بېرىلىدىغان مەبلەغ ئادەملەرنىڭ خىراجىتىگە توغرا كەلمىسە، تۈرلۈك نامۇۋاپىق ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بۇ باشقۇرۇش ئەڭ قىيىن بولغان ئىشتۇر. كىمكى ئۆز ئىختىيارىدا (ئىگىدارچىلىقىدا) بولمىغان مۈلۈكنى پايدا ئېلىش ئۈچۈن مۇئامىلىگە قوشماي ئۆزى ئۈچۈن جەمغۇرسا، ناھايىتى چوڭ زىيان كەلتۈرىدۇ.

شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن سۈ مەنبەلىرىنى تەرتىپكە سالماي تۇرۇپ ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

جىنايەت ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، قانۇنغا بويسۇنماسلىق؛ يەنە بىرى، قانۇن ماقۇل كۆرمىگەن ئىشلارنى قىلىشتۇر.

ئەڭ كاتتا جىنايەت ــــ رەھبەر كىشى تەرىپىدىن قىلىنغان جىنايەتتۇر.

قانۇنچىلار خەلق بىلەن بىللە قانۇنلارنى رەت قىلىش ۋە تەن ئېلىش ئارىسىدىكى ئوتتۇرا يولنى بەلگىلىۋېلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنچىلار ئۆگۈت - نەسىھەتلەر، قانۇنلار ۋە ئىنسان ئىللەتلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەيدىغان، ياردەم بېرىدىغان ئادەم

پەيدا بولغانلىقتىن خەلقنى خەۋەردار قىلىشى كېرەك.

مەدھىيە ۋە تەنقىد ئاڭلاش ئەگەر ئۇ قانۇن تەلەپ قىلغىنىدەك ھەققانىي بولسا، ياشلارنىڭ قەلبىگە ئورنىشىپ، كۆرەش ئارقىلىق خەيرلىك ئىشلارغا سازاۋەر بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ رايىنى كۆچەيتىدۇ، كۆڭۈللىرىنى توق قىلىدۇ ۋە جاسارىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئۆسمۈرلەر ۋە يامان نىيەتلىك ئادەملەر پەقەت تاشقى گۈزەللىككە قىزىقىدۇ.

ئەگەر باشقا بىر كىشىنىڭ مۈلكى ھېسابىغا مۈلۈك ئاشۇرغانلار جازالانمىسا، ئۇ چاغدا شەھەر ئاھالىسىدىن ئىنساپ ۋە شۆھرەت يوقىلىدۇ.

ئەركىن بولۇپ تۇغۇلغان ئادەم قانۇنلارغا ئىختىيارىي رەۋىشتە، قۇللار بۇيرۇغاندىلا بويسۇنىدۇ.

ياخشى پەزىلەتكە ئىگە بولغان شەھەر ئاھالىسى ئەڭ بەختىيار ئادەم بولۇشلىرى ھەمدە قانۇنلارغا ئىختىيارىي بويسۇنۇشلارنى تەمىنلەش ئۈچۈن، قانۇنلارنى تاكامۇللاشتۇرۇش ۋە ئۇلاردىكى قانۇنلارنى مۇستەھكەملەشكە غەمخورلۇق قىلىشلىرى كېرەك.

بارلىقلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئەڭ مۇكەممەللىرى دەسلەپكى بارلىقتۇر.

ھەقىقىي قانۇن ئورناتقۇچى يېڭى قانۇن قوبۇل قىلىۋاتقىنىدا،

ئۇنىڭ مەملىكەتتىكى ھەممە تەبىقىلەر ۋە ئەۋلادلارغا، بارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ ئاھالىسىگە بەخت ـ سائادەت، شاد ـ خۇراملىق كەلتۈرۈشىنى ھېسابقا ئالىدۇ.

ئۆزلۈكىدىن بىلگەن شەيئىنىڭ ھەممىسى ئەقىل ئەمەستۇر.

ئاسمان جىسىملىرى زىتلىقتا ئۇچرىغان بارلىقلارنىڭ دەسلەپكىسىدۇر.

مېڭە بىر بۆلىكى بىلەن ئوي ـ خىيالنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئىككىنچى بىر بۆلىكى بىلەن تەپەككۇرنى، ئۈچىنچى بىر بۆلىكى بىلەن ئەسكە ئېلىش ۋە خاتىرىلەشنى تەرتىپكە سالىدۇ.

بىر ئەزاغا جايلاشقان ھەرقانداق بىر قۇۋۋەتنىڭ فىزئولوگىيىلىك ۋەزىپىسى ئۇ ئەزادىن بىر ماددىنىڭ ئايرىلىپ چىقىپ، باشقا بىر ئەزاغا كېتىشىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەتتۇر.

غەزەپ، شىددەت قاتارلىق قۇۋۋەت ئىپادىلەنگەن روھىي خۇسۇسىيەتلەر ئاياللاردا يوشۇرۇن (تۇتۇق)، ئەركەكلەردە بولسا ناھايىتى گەۋدىلىكتۇر. بۇنىڭغا قارشى ھالدا (باشقىلارغا)ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش قاتارلىق ئاجىزلىق ئىپادىلەنگەن خۇسۇسىيەتلەر ئايالاردا ناھايىتى گەۋدىلىك، ئەركەكلەردە بولسا ناھايىتمۇ تۇتۇق (سۇس) تۇر. شۇ سەۋەبتىن بۇ جەھەتلەردە ئايالارغا ئوخشىغان ئەركەكلەر ۋە ئەركەكلەرگە ئوخشىغان ئايالار يوق ئەمەستۇر.

تۇيغۇ ۋە خىيال ۋاسىتىسى بىلەن بارلىققا كەلگەن مايىللىق

باشقا هايۋانلاردىمۇ بولىدۇ. ئىنساندا دەسلەپكى ئۇيغۇنلۇقلار (ماقۇللار) نىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭدا دەسلەپكى مۇكەممەللىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

بەخت ـــ ئىنسان روھىنىڭ ۋۇجۇدىدا ماددىغا ئېھتىياجلىق بولمىغان بىر تاكامۇللۇق مەرتىۋىسىگە ئۇلىشىشتۇر.

بەخت دەرىجە جەھەتتە پائال ئەقلىنىڭ ئاستىدىدۇر.

بەخت ياخشىلىق ئۇچۇن قىلىنغان ياخشىلىقتۇر. ئۇ ھېچبىر ۋاقىت ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىلەر ئۇچۇن تەلەپ قىلىنمايدۇ.

ئىنساننىڭ بەختتىن ئارتۇقراق ئېرىشىدىغان تېخىمۇ بۈيۈك بىر نەرسىسى بولمايدۇ. بەختكە ئۇلىشىشتا ياردەم قىلغان پېئىللار ـــ گۈزەل پېئىللاردۇر. بۇ پېئىللاردىن سادىر بولغان ھەرىكەتلەر ۋە ئادەتلەر ـــ ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىدۇر.

بەختكە توسالغۇ بولغان پېئىللار يامانلىقلاردۇركى، بۇلار چىركىن (يامان) پېئىللاردۇر. بۇ پېئىللاردىن بارلىققا كەلگەن ھەرىكەتلەر بىلەن ئادەتلەر ـــ چۈشكۈنلۈك، رەزىللىك ۋە خەسىسلىكتۇر.

ئىنساندىكى ھاياتلىق قۇۋۋىتى ۋۇجۇدقا خىزمەت قىلىش بىلەن كەمچىلىكسىزدۇر.

نۇتۇق قۇۋۋىتىمۇ يا ئەمەلىيدۇر، يا نەزەرىيىۋىدۇر. بۇلارنىڭ

ئەمەلىيسى نەزەرىيىسىگە خىزمەت قىلىدۇ. نەزەرىيىۋى قۇۋۋەت بولسا ھېچ نەرسىگە خىزمەت قىلمايدۇ، ئۇ پەقەت بەختكە خىزمەت قىلىدۇ.

بەختنى بىلمىسەڭ ياكى بىلىپ ئۇنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر غايەڭ قىلمىساڭ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسىنى غايە (مەقسەت) قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنساڭ، تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇ ئىككىنچى غايىگە يەتمەك ئۈچۈن لازىم بولغان پېئىللار (ھەرىكەتلەر) نى ئەقلىڭدىن سورىغاندىن كېيىن، ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مەيل ۋاستىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرسەن ـــ ئۇ ۋاقىتتا پېئىللىرىڭ (ھەرىكەتلىرىڭ) گۈزەل بولمايدۇ.

تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى سەزگۈ ۋە نۇتۇق قۇۋۋەتلىرىنىڭ ئارىسىدا بولغان ئارا قۇۋۋەتتۇر.

نۇتۇق قۇۋۋىتىمۇ ئەمەلىي بولۇشقا نامزات قۇۋۋەتتۇر. نۇتۇق قۇۋۋىتى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئەمەلىيسى، ھازىر ۋە كېلەچەكتىكى قىسمەنلىك (ئايرىملىق) لارنى بىلىدۇ؛ نەزەرىيىسى، بىلىم بىلەن ئالاقىدار بولغان ماقۇل (ئۇيغۇنلۇقلار) نى بىلىدۇ. تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى بولسا، نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ ھەر ئىككى تۈرى بىلەن تۇتاشتۇر. پائال ئەقىلدىن تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ ئۈستىگە ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىلنىڭ ئىدراك قۇۋۋىتىگە بولغان تەسىرى بەزىدە نەزەرىيىۋى نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ پەيدا قىلغان ئۇيغۇنلۇقلار تۈرىدىن بولىدۇ، بەزىدە ئەمەلىي نۇتۇق قۇۋۋىتىنىڭ پەيدا قىلغان جۇزئىي ھېسلار تۈرىدىن بولۇپ، ماقۇل (ئەقىلگىچە ئۇيغۇن) شەيئىلەرنىڭ توپلىغان

ئوخشاشلىقلىرىدىن تەركىب تاپقان هالدا ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ. بەزىدە بولسا ئۇلارنى باشقا هېسلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مانا مۇشۇ ئەمەلىي سۆزلەش ئىقتىدارى (نۇتۇقى) نىڭ ئاڭلىق هالدا ئورۇندىغان ئىشلىرى مانا مۇشۇ جۈملىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇگۈنگە، بىر قىسمى ئىستىقبالىغا ئائىتتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتىنىڭ — ئاڭنىڭ ۋاستىچىلىكىگە موهتاج بولماي — ئىگە بولغان پۈتۈن نەرسىلىرى ئەسلىدىنلا ئاڭدىن ئېلىنغان بولىدۇ.

بىر ئىنساندا تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى ناهايىتىمۇ كەسكىن هەم تولۇق بولسا، تاشقىرىدىن ئۇنىڭغا چۈشكەن هېس - تۇيغۇلار ئۇنىڭ هەممىسىنى تولۇق قاپلىسا هەم ئۇ نۇتۇق قۇۋۋىتىنى ۋاستە قىلمىسا، بۇنداق شەيئىلەرگە ئۇچرىغاندا تەسەۋۋۇر (خىيال) دا ئۆز خۇسۇسىي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا قولاي بىر ئۇستۇنلۇك ئۇلۇشى بولسا ۋە ئويغاق ۋاقىتتىكى هالى ئۇخلاۋاتقاندىكى هالىدىن پەرقسىز بولسا هەم پائال ئەقىل بەرگەن نەرسىلەرنى كۆز بىلەن كۆرگەن خاس نەرسىلەرگە تەقلىد ۋە ئىپادە قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا تەسەۋۋۇرنىڭ خىيال قىلغان بۇ نەرسىلىرى قايتىدۇ (ئايلىنىدۇ) ۋە سەزگۈ قۇۋۋىتىگە رەسىم (ئوبراز) قالدۇرىدۇ.

هەربىر ئىنسان ياشاش ۋە يۈكسەك كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن، يارىتىلىشتا نۇرغۇن نەرسىلەرگە موهتاج هالەتتە يارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ هەممىسىنى ئىنسان ئۆزى يالغۇز قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن هەربىر ئىنسان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە توپلىنىشىغا موهتاجدۇر. هەربىر ئىنسان بۇ ئېهتىياجلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرلىرى



www.uyghurkitap.com

ئالدىدىكى ۋەزىيىتى مانا مۇشۇ مەركەزدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم تەبىئىتىدىكى مۇكەممەللىككە يېتىش ئېھتىياجىنى پەقەت باشقا ئىنسانلارنىڭ ياردەملىشىش مەقسىتىدە بىر يەرگە جەم بولۇشى بىلەن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

تۇرلۇك ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ ياشىشىدىن جەمئىيەت پەيدا بولىدۇ. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى تولۇق، بەزىلىرى كەمتۈك (تولۇق بولمىغان) تۇر. تولۇق بولغانلىرى چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.
چوڭ جەمئىيەت — يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئىبارەتتۇر. ئوتتۇرا جەمئىيەت — يەر يۈزىدىكى (ئايرىم - ئايرىم) مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەتتۇر. كىچىك جەمئىيەت — بىر مىللەتنىڭ يېرىنىڭ بىر قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئاھالىسىدىن ئىبارەتتۇر.

كەمتۈك جەمئىيەت بولسا يېزا، مەھەللە، كوچا ياكى ئائىلىدىكى ياشىغۇچى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئائىلىدىن كىچىك بولغان كۆلىمى مۇشۇ تۈركۈمگە تەئەللۇقتۇر. مەھەللە ۋە يېزىنىڭ ھەر ئىككىسى شەھەرگە تەۋە. لېكىن شۇ مەنىدە تەۋەكى، يېزا شەھەرگە خىزمەت قىلىدىغانلىق ئېتىبارى بىلەن شەھەرنىڭ بىر قىسمى (بۆلىكى) سۈپىتىدە تەۋەدۇر.بۇ سەۋەبتىن ئۆي (ئائىلە) كوچىنىڭ بىر قىسمى بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭغا (كوچىغا) تەۋەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي كوچىنىڭ بىر قىسمى، شەھەر مىللەت زېمىنىنىڭ بىر قىسمى، مىللەتمۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئەڭ زور ياخشىلىق ۋە يۈكسەك كامالەتكە شەھەردىن كىچىك

بولغان جەمئىيەت مەركەزلىرىدە ئەمەس، بەلكى شەھەر دائىرىسى ئىچىدە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ياخشىلىق قانداق ئارزۇ ۋە ئىرادە بىلەن قولغا كەلتۈرۈلسە، يامانلىقمۇ ئارزۇ ۋە ئىرادە بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئاھالىلىرى پەقەت بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ھەمكارلاشقان شەھەر — پەزىلەتلىك شەھەردۇر. چۈنكى، بەختكە ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن تەشكىللەنگەن ھەرقانداق بىر جەمئىيەت — پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پۈتۈن شەھەرلىرى بەختكە ئېرىشىش يولىدا قول تۇتىشىپ تىرىشىۋاتقان بىر مىللەتمۇ پەزىلەتلىك مىللەتتۇر. پۈتۈن مىللەتلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەمكارلاشتۇرغان دۇنيا ھەم پەزىلەتلىك دۇنيا بولىدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر ھەممە جەھەتتىن ساغلام بولغان بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. پۈتۈن ئەزالىرى ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى ئاخىرىغىچە ساقلاش ئۈچۈن بىر - بىرىگە ياردەملىشىدۇ.

يۈرەك ھەممىدىن ئاۋۋال شەكىللىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئەزالارنىڭ شەكىللىنىشىگە، قۇۋۋەتلىنىشىگە ۋە دەرىجىلىرىگە ئاساسەن، ئورۇن ئېلىشىغا سەۋەب بولغىنىغا ھەم بۆلەرنىڭ بىرەرىدىن چاتاق چىقسا، يۈرەك ھەم چاتاقنى تۈگىتىدىغان ۋاستىنى يەتكۈزۈپ بەرگىنىگە ئوخشاش، شەھەر باشلىقىنىڭمۇ ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈردۇركى، ئۇ شەھەر ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

شەھەردىكى سەنئەتلەرنىڭ كۆپى باشقۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى خىزمەت قىلىشقا خاستۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ كۆپىمۇ خىزمەت قىلماق ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر.

كۆرۈنۈشى گۈزەل بولغان ھەرقانداق بىر سەنئەت ياكى ھەر قانداق بىر ئادەت پەزىلەتلىك شەھەردە رەئىسلىك سەنئىتى بولالمايدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ باشقۇرۇش سەنئىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، باشلىق (رەئىس) قا خىزمەت تەكلىپ قىلىدىغان ماھىيەتتە بولۇپ قالماسلىقى ۋە بۇ باشقۇرۇش سەنئىتىدىن تېخىمۇ يۇكسەك بولغان بىر سەنئەت مەۋجۇت بولماسلىقى لازىم.

دەرھەقىقەت، ئىنساننى ئىنسان قىلغان دەسلەپكى باسقۇچ بۇ تەبىئىي شەكىلنىڭ پائال (ئاكتىپ) بولۇشىدىكى ئىستېدات ۋە قابىلىيىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇمۇ ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پائال ئەقىل ئارىسىدا ئىككى باسقۇچ بار: بىرى، پاسسىپ ئەقىلنىڭ ئەمەلىي ھاسىل بولۇشى؛ يەنە بىرى، ئېرىشىلگەن ئەقىلنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر.

پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقى (رەئىسى) نىڭ سۈپەتلىرى: بۇنداق شەھەرگە باشلىق بولىدىغان ئادەم ھېچكىمگە بېقىنمايدىغان بولۇشى كېرەك. پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ بىرىنچى باشلىقى شۇ شەھەر ئاھالىسىگە رەھبەرلىك قىلالايدىغان ئاقىل كىشى بولۇپ، ئۇ تەبىئىتىگە ماس ھالدا ئون ئىككى خىل خىسلەت ـ پەزىلەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدى بىلەن تۆت ئەزاسى (پۇت ـ قول، كۆز ۋە قۇلاق) ساق ـ ساغلام بولۇشى، ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشتە بىرەر ئەزاسىدىكى نۇقسان تۈپەيلىدىن قۇلايسىزلىق سەزمەسلىكى لازىم.

ئىككىنچىدىن، بۇنداق شەھەر باشلىقى خاراكتېر جەھەتتىن ئىنچىكە، پاراسەتلىك بولۇشى، سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزلىرىنى، پىكىرلىرىنى تېز چۈشىنىپ، تېز تەسەۋۋۇر قىلىشى، شۇ ساھەدىكى ئومۇمىي ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىق بىلەلىشى زۆرۈر.

ئۈچىنچىدىن، ئۇ بىلگەن، كۆرگەن، ئاڭلىغان، چۈشەنگەن نەرسىلەرنى خاتىرىسىدە تولۇق ساقلىشى، بارلىق تەپسىلاتلارنى ئۇنتۇماسلىقى زۆرۈر.

تۆتىنچىدىن، ئۇ زېھنى ئۆتكۈر، زېرەك بولۇپ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىنچىكە ئالامەتلىرىنى ۋە ئالامەتلىرىنىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى تېزدىن بىلىپ سېزىۋېلىشى زۆرۈر.

بەشىنچىدىن، ئۇ پىكرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى ئۈچۈن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىيەلىشى زۆرۈر.

ئالتىنچىدىن، ئۇ تەلىم ئېلىشقا، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ھېرىسمەن بولۇشى، ئوقۇش، ئۆگىنىش جەريانىدا ئەسلا چارچىمايدىغان، بۇنىڭ مۇشەققىتىدىن قاچمايدىغان بولۇشى زۆرۈر.

يەتتىنچى، تاماق يېيىشتە، ئىچىملىك ئىچىشتە، ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە نەپسىنى يىغالايدىغان بولۇشى، ئويۇن ـ تاماشىدىن ئۆزىنى تارتالايدىغان بولۇشى زۆرۈر.

سەككىزىنچىدىن، ئۇ ھەقىقەتنى، ئادىل ۋە ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ئادەملەرنى سۆيىدىغان، ساختا ۋە يالغانچىلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇشى زۆرۈر.

توققۇزىنچىدىن، ئۇ غۇرۇرلۇق، ئار ـ نومۇسلۇق ئادەم بولۇشى،

پەسكەشلەردىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇشى، ئەسلىدىنلا بۈيۈك سۈپەت ئىگىسى بولۇشى، ئۇلۇغ، ئالىي ئىشلارغا ئىنتىلىشى زۆرۈر.

ئونىنچىدىن، بۇ دۇنيانىڭ ماللىرىغا، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە قىزىقمايدىغان بولۇشى زۆرۈر.

ئون بىرىنچىدىن، تەبىئىتىدىن ئادالەتپەرۋەر بولۇپ، ئادىل ئادەملەرنى سۆيىدىغان، ئىستىبدات ۋە جەبىر ـ زۇلۇمنى، مۇستەبىت ۋە زالىملارنى ياقتۇرمايدىغان، ئۆز كىشىلىرى، شۇنداقلا باشقىلارغىمۇ ئادىل بولۇپ، ھەممىنى ئادالەتكە ئۈندىگۈچى، ناھەق جاپا چەككەنلەرگە مەدەت بەرگۈچى، ياخشىلىق ۋە ئۆزى سۆيگەن گۈزەللىكلەرنى ھەممىگە ئورتاق كۆرگۈچى بولۇشى زۆرۈر. ئۆزى ھەققانىيەت ئالدىدا جاھىللىق قىلماي، ئادىل ئىش تۇتۇش بىلەن بىللە ھەرقانداق ھەققانىيەتسىزلىك ۋە پەسكەشلىك ئالدىدا مۇرەسسەسىز بولۇشى زۆرۈر.

ئون ئىككىنچىدىن، ئۆزى زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان چارە ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قەتئىي، جەسۇر، جۈرئەتلىك، مۇستەھكەم بولۇشى زۆرۈر. مۇبادا پەزىلەتلىك شەھەردە مۇشۇنداق كامالەتكە يەتكەن ئادەم تېپىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا يۇقىرىدىكى پەزىلەتلەردىن ئالتە ياكى بەشىسى ھازىرلانسا ھەم ئۇ ئەقىل ۋە ئىدراكتا يۈكسەكلىكى تۈپەيلى پەزىلەتلىك شەھەرگە رەھبەرلىك قىلالايدۇ.

ئاۋۋالقى رەھبەرنىڭ ئورنىغا كەلگەن كېيىنكى رەھبەردىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىسلەتلەر ـ پەزىلەتلەر ياشلىقىدىن شەكىللەنگەن بولۇشى زۆرۈر. شۇنداقتىمۇ كېيىنكى رەھبەردە يەنە ئالتە پەزىلەت ھازىرلىنىشى زۆرۈر.

بىرىنچى، دانىشمەنلىك.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، ئاۋۋالقى رەھبەرلەر ئورناتقان قانۇنلار ۋە تەرتىپلەرنى خاتىرىسىدە ياخشى ساقلىشى ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن ئەستە ساقلاش كۈچىگە ئىگە بولۇش.

ئۈچىنچى، ئەگەر ئاۋۋالقى رەھبەرلەر دەۋرىدىن بىرەر ساھەگە ئائىت قانۇن قالمىغان بولسا، بۇنداق قانۇننى ئويلاپ تېپىش ئۈچۈن ئىجادىيەت، ئىختىرا قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش.

تۆتىنچى، ھازىرقى ئەھۋالنى تېزدىن بايقىۋېلىش ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان، ئاۋۋالقى رەھبەرلەر كۆزدە تۇتقان ۋەقەلەرنى ئالدىن كۆرۈپ يېتىش ئۈچۈن بېشارەتچىلىك خىسلىتىگە ئىگە بولۇشى، بۇ خىسلەت ئۇنىڭغا خەلق پاراۋانلىقىنى ياخشىلاش يولىدا كېرەك بولىدۇ.

بەشىنچى، ئاۋۋالقى رەھبەرلەر ئورناتقان قانۇنلارغا، شۇنداقلا ئاۋۋالقىلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزى تۈزۈپ چىقارغان قانۇنلارغا خەلقنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن قىزغىن سۆزلەش، ناتىقلىق خىسلىتىگە ئىگە بولۇش.

ئالتىنچى، زۆرۈر ئەھۋاللاردا ھەربىي ئىشلارغا ماھىرانە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، يېتەرلىك جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇش ھەم جەڭ قىلىش، ھەم سەركەردە سۈپىتىدە جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەربىي سەنئەتنى ياخشى بىلىش.

جاھىل شەھەر ئاھالىسى بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلمەيدۇ، بەخت ـ سائادەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى، جاھالەتتىكى ئادەملەر ھېچقانداق بەختكە ئېرىشىپ باقمىغان، شۇنداقلا بەخت ـ سائادەتكە ئىشەنمەيدۇ. ھالاۋەتكە كەلسەك، جاھالەتتىكى ئادەملەر بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بەخت ـ سائادەت بولۇپ كۆرۈنىدىغان ئۆتكۈنچى يۈزەكى نەرسىلەرنى، مال ـ دۇنيانى، ئابرۇي،

ئەمەل، شان ـ شۆھرەتنى ھەقىقىي بەخت ـ ھالاۋەت دەپ ئويلايدۇ. شۇ نېمەتلەرنىڭ ھەر بىرى جاھالەتتىكى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ھاياتنىڭ مەقسىتى، بەخت ـ سائادەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

تۆپ نېگىزىدىن ئالغاندا (ماددىي ۋە روھىي)، نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشقان چاغدىلا، ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش مۇمكىن.

ئابرۇيپەرەسلەر ــ بۇنداق شەھەر ئاھالىسى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ماختاشنى، كۆككە كۆتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى سۆزدىمۇ، ئىشتىمۇ ئۇلۇغلىشىنى ئىستەيدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىدا ياكى باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئۇلۇغۋار، شان ـ شەۋكەتلىك بولۇپ كۆرۈنۈشنى خالايدۇ.

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ بەزىلىرى ھەممە ئۇچۇن ئورتاق ـ ئومۇمىي بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلىرى بولسا پەقەت مۇئەييەن مەۋقەدىكى ئادەملەر بىلىشى زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئىش ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھەر بىر شەخس بەخت ـ سائادەتكە ئېلىپ بارغۇچى پائالىيەت بىلەن قانچە ئۇزاق ۋە قانچە تىرىشچانلىق بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنىڭ كۆڭلى، روھىي ھالىتى ھەم شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھالدا مۇكەممەللىشىپ، پەزىلەتلەرگە تولۇپ بارىدۇ. گويا ماھىر خەتتات ھۆسنخەت بىلەن ئۇزلۇكسىز شۇغۇللىنىش جەريانىدا خېتى بارا ـ بارا گۈزەللىشىپ، بۇنىڭدىن بارغانسېرى ئۆزىنىڭمۇ زوقى ئېشىپ بارغاندەك، كامالەت ئارقىلىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشكە

www.uyghurkitap.com

ئىنتىلگۈچى كىشىنىڭ قەلبىمۇ بارا - بارا پاكلىنىپ، ياخشىلىق قىلغىنىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى ئۆسۈپ، زوقى ئېشىپ بارىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى - روھى شۇ قەدەر يۈكسىلىپ، گۈزەللىشىپ، تاكامۇللىشىپ بارىدۇكى، ئاخىر ئۇنىڭ روھى ماددىي يۆلەنچۈك ياكى ۋاستىلەرگە باغلىق بولمىغان هالدا پەيدىنپەي ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ بارىدۇ ۋە ئاخىر ماددىي هالەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ياكى يوقىلىشى كامالەتكە يەتكەن روھ ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

بىر تۈردىكى هۈنەر - سەنئەت ئىگىلىرىمۇ ئىقتىدار جەھەتتىن پەرقلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بىر خەتتات ئۆز هۈنىرىنىڭ نۇرغۇن سىرىنى بىلىشى، كەڭ بىلىم ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن. باشقا بىرى ئۆز هۈنىرىنىڭ سىرلىرىنى كەمرەك بىلىشى مۇمكىن. مەزكۇر هۈنەرنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن خەتتات تىلنى، سۆز سەنئىتىنى، هۆسنىخەتنى ۋە هېساب - كىتاب، رىيازىيات (ماتېماتىكا) نى پۇختا بىلىشى زۆرۈر.

خەتتاتلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىن بىر - بىرىدىن ئەۋزەللىكى شۇندىكى، مەسىلەن: هۆسنىخەت سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئىككى خەتتاتتىن بىرى، شۇ ساھەدە كۈچلۈكرەك، بىرى، كۈچسىزرەك بولۇشى مۇمكىن. بۇ سۈپەتتىكى ئەۋزەللىكتۇر.

پەزىلەتسىز شەھەرلەرنىڭ ئادەملىرى ناچار خاراكتېرى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن كۆڭۈللىرى — روھلىرىمۇ ناچارلىشىپ بارىدۇ.

روھى ساغلام بولمىغان ئادەملەر هامان يامان ئىستەكلىرى ۋە ئادەتلىرى تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان تەسەۋۋۇرلارغا، ئەخلاقسىز ئىش - هەرىكەتلەرگە قاراپ هۇزۇرلىنىدۇ، شۇنداقلا گۈزەل قىلمىقلارنى،

ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ ياكى ئومۇمەن گۈزەللىكنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

يېڭىلىرىنىڭ كونىلىرىغا قوشۇلۇشىدىن ھەم يېڭىلىرى مەمنۇن بولىدۇ، ھەم كونىلىرى مەمنۇن بولىدۇ. ھەربىر بىرلىك ھەم ئۆزىنى، ھەم ئۆز ئوخشىشىنى بىلىدىغان بولغانلىقتىن، بىلىنگەن شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئارتىدۇ. بۇ ئارتىش خۇددى خەتتاتنىڭ يېزىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى بىلەن كاتىپلىق ماھارىتىنى قۇۋۋەتلەندۈرگىنىگە ئوخشايدۇ.

تەقدىر - پېشانىلىك ئىككەنلىكىنى بىلىدىغان ئىنسان تۈيغۇلىرىنىڭ ئۆزىگە يوللىغان نەرسىلىرى بىلەن ئاۋۇنۇپ، تەقدىرلىرىنى ئۇنتۇيدۇ ياكى ئۇلارنى تۇيمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەردكە قايتا مۇپتىلا بولۇشى ئۈچۈن، ھېس - تۈيغۇلارنىڭ تەسىرىدىن بىر مەھەل قۇتۇلۇش لازىمدۇر. ئازاب چېكىۋاتقان بىمار ھەم مۇشۇ ھالەتتىدۇر. بەزى نەرسىلەر بىلەن ئاۋۇنسا ئازابى يېنىكلەپ ئۇنى تۇيماي قالىدۇ. ئەگەركى، ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشى بىلەن تەڭ ئاغرىق ئازابىنى يەنە سېزىدۇ ياكى ئاغرىق ئازابى ئۇنى قايتىدىن باسىدۇ.

ھاياتتا ھەربىر بارلىق ئۆز ئالدىغا يالغۇز ياشاشنى مەقسەت قىلىدۇ ياكى باشقا بارلىقلار ئارىسىدا ئەڭ ئۈستۈن ھاياتلىقنىڭ يالغۇز ئۆزىگىلا بېرىلگەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز كۆپىنچە ھايۋانلارنىڭ باشقا ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى كېرەكسىز ۋە پايدىسىز يەرگە قوغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاش خاھىشىدا بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھايۋانلار گويا ئالەمدە ئۆزلىرىدىن باشقا ھايۋانلار يوقتەك ياكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولمىسا ئۆزلىرىدىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ياشىشى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزىدىغاندەك، باشقا ھايۋانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ياقتۇرمايدىغان تەبىئەتتە بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ھايۋاننىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن باشقا ھېچقانداق يامانلىقى يوقتۇر.

ھەربىر تەبىئىي شەيئى ئادالەتكە ئۇيغۇنلۇقىدىن پەيدا بولۇشتىنلا ئادالەتنىڭ نەق ئۆزى بولىدۇ.

بىز ھەقىقىي ئەقىلگە ئىگە بولغانسېرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ بەكرەك يېقىنلىشىمىز. نەھايەت ماددىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغان ۋاقتىمىزدا، زېھنىمىز ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە چۈشىنىدۇ.

ھەرقانداق مەۋجۇتلۇقنىڭ گۈزەللىكى، جۇلالىقى ۋە زىننىتى ئۆزىدىن ئۈستۈن بارلىققا يېتىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەللىكىگە ئېرىششتۇر.

بىزنىڭ گۈزەللىكىمىز ۋە زىننىتىمىز زاتىمىزدا ئەمەس، بەلكى ئارەزلىرىمىزدىدۇر. جەۋھىرىمىزدە ئەمەس، بەلكى سىرتىمىزدىكى شەيئىلەردىدۇر. ئۇنىڭ جامالى، مۇكەممەللىكى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بولسا، زاتىدىن باشقا شەيئى ئەمەستۇر.

لەززەتنىڭ، سۆيۈنۈشنىڭ ۋە ھەۋەسنىڭ كۆپلۈكى مۇكەممەل ۋە تولۇق بىر ئىدراك بىلەن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نەپىس ۋە ئەڭ چىرايلىق شەيئىنى ئىدراك قىلماق بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئىنسان ئۆزى ۋە روھىيىتى ئارىسىدىكى ھەمدە ئۆز ۋە باشقا بىرى ئارىسىدىكى مەۋجۇت نەرسىنى تەتقىق قىلىشتا ھەممە

ئىمكانىيەتنى ئىشلىتىپ، مۇنتىزىم رەۋىشتە مەشىق قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنى ئۇ ھەقىقەت ۋاستىلىرىنى ئىگىلەشتە سۇبات بىلەن ياكى ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى ياكى بەس - مۇنازىرە، ھىمايە ئۇسۇللىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشى زۆرۈر.

تەبىئىي مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىدراك ئېتىش قابىلىيىتىمىزگە باغلىق، دەپ ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس. تەبىئىي مەۋجۇتلۇق تەبىئىي سۈپەت ۋە ماھىيەتلەردۇر. بۇ ئۇلارنىڭ بىز ئىدراك قىلىدىغان ۋە ھېس قىلىدىغان بەلگىسىدۇر.

دەرھەقىقەت، ھەربىر ئۇنسۇر باشقا ئۇنسۇر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. باشقا يارىتىلغان جىسىملار بولسا شۇ ئۇنسۇرلاردىن يارىتىلىدۇ. ئۇنسۇرلار ئاساس ۋە كۈچلەرگە ئىگىدۇر. ئۇلار تۈپەيلىدىن ئۇنسۇرلار بىر - بىرىدىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆزگە جىسىملارنى يارىتىدۇ.

جاھىلانە ئىشلاردىن پەيدا بولغان ھاللار ھەقىقەتەنمۇ روھنىڭ نۇتۇق قىسىملىرىغا ئاجايىپ زور بىر زۇلۇم ئەكېلىدۇ. لېكىن، نۇتۇق قىسمى تۈيغۇلار يەتكۈزگەن (تەسىرلەر) بىلەن مەشغۇل بولغاچقا بۇ زۇلۇمنى تۈيمايدۇ. بۇ ھال ۋە شەكىللەرنىڭ زۇلۇملىرىنى سەزمەسلىك ئۈچۈن، يالغۇز قېلىپ تۈيغۇلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلماق لازىمدۇر.

ئىسپاتتا ئىلىم، تارتىشىشتا ئىككىلىنىش، رىتورىكىدا ئىشەندۈرۈش قانچىلىك زۆرۈر بولسا، شېئىرىيەتتىمۇ خىيال ۋە تەسەۋۋۇر شۇنچىلىك زۆرۈر بولىدۇ.

بەزىدە ئىنساننىڭ پەيلى كۆپرەك خىيال سۈرۈشكە باغلىق

بولىدۇ.

ئىنسان ماھىيىتى ئەقلىدە نامايان بولىدۇ. ئەقىلنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ھەرىكىتى (پائالىيىتى) بولۇشقا يېقىن بولغىنىدا، ئەقىل ئىگىلىك قىلغۇچى پائالىيەت (ھەرىكەت) بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئىنساننىڭ پەقەت تەبىئىي (تەبىئەت ئاتا قىلغان) ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ، ۋارىسلىق يولى بىلەن ئېرىشىلىدىغان تەپەككۇر قابىلىيىتىدىن تاشقىرى يەنە ئەمەلىي ماھارەت بولىشى زۆرۈردۇر.

ئەگەر سەزگۈلەر مەقسەتنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلاردىن بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇش ئۇچۇن پايدىلىنىش كېرەك بولماس ئىدى، چۈنكى بەدەننى ھېس - سەزگۈلەرنىڭ ھەممىسىنى تەمىنلىگۈچى بىر ئۇسكۈنە ياكى ۋاستىچى ياكى بولمىسا ئەشيا دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە ئېلىنغان بىلىملەر دەسلەپكى تەكشۈرۈلمىگەن بىلىملەردىن ئېلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ ئېرىشىمىكى زۆرۈر بولغان ۋە ئۆزى ئۇچۇن ئۇنى بىلىشى شەرت دەپ قوبۇل قىلىنغان بىلىمنى ئىشەنچ ئىلمى دەيدۇ.

بىر ئادەمگە تەئەللۇق بولغان قائىدە ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن شەرت ئەمەس، بىر گۇرۇھ ئۈچۈن يارىتىلغان قانۇنلارغا باشقا گۇرۇھتىكى ئادەملەرنىڭ رىئايە قىلىشىمۇ شەرت ئەمەس.

ئادەملەر ھاكىملار كۆرسەتكەن توغرا يول بىلەن مېڭىشلىرى ۋە



www.uyghurkitap.com

قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى ھەمدە ماھىيىتى ئۇلاردا غەزەپ ئويغاتماسلىقى ئۈچۈن، قانۇنچىلار ھاكىملارنى ئادەملەرنى باشقۇرۇشقا كۆندۈرۈشلىرى لازىم.

مەنسەپدارلارنى توغرا تەيىنلەش چوڭ پايدا كەلتۈرىدۇ.

رەھبەر ئۆز قانۇنلىرىنى ئاساسلاپ ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم.

شەھەر ئاھالىسى قانچىلىك دەرىجىدە مېھىر - شەپقەتلىك بولسا، ئۇلارنى باشقۇرۇش شۇنچىلىك يۇقىرى دەرىجىدە ئىلاھىي بولىدۇ.

خالاپ ۋە بىلىپ تۇرۇپ قىلىنغان ياۋۇزلۇق ھەمدە ئادەت بولۇپ قالغان ۋە چۈشەنمەي قىلىنغان ياۋۇزلۇق قانۇن تۈقتىسىنىزىرىدىن ئالغاندا ئوخشاشلا يامان.

ئىنساننىڭ پىئىل - ئەتىۋارى كۆپرەك ئۆزىنىڭ خىياللىرىغا باغلىق بولىدۇ.

خۇددى كېلىشىپ قويغاندەكلا، فارابى ھېكمەتلىرىنى ئوقۇپ تۈگىتىشىمگە ئىككىنچى سائەتلىك دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. مەن دەرس تەييارلىقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، سىنىپتىن ئايرىلدىم. شۇ تاپتا ئۆزۈم شۇنداق يېنىكلەپ قالغانىدىم. تۇۋا دەيمەن، بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھاردۇقى سىنىپتا چىقىدىكەن. ھەرقانچە چارچاپ كەتسەكمۇ دەرس سۆزلەيدىغان بولساق، ھەممىنى ئۇنتۇيدىكەنمىز.